شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·6



# شىنجاڭ جىنشىيا ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى

## شىنجاڭنى ئېچىپ، غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلدى

### شىنجاڭ جىنشىيا ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار بازىرى ۋە شىنجۇ شەھەر گۈلزارلىقىنى تونۇشتۇرۇش



شىنجۇ تۈرى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان بولۇپ 450 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 300 مودىن ئاشىدۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 270 مىڭ كۇۋادراتمېتىر. بۇ تۈر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۆلچەمدە سېلىنىپ، دۆلەتنىڭ ھاللىق سەۋىيىدىكى ئولتۇراق ئۆي كىچىك رايونى ئۆلچىمىگە يەتكەن، قۇرۇلۇشلىرى ئازادە سېلىنغان، كۆكەرتىش كۆلىمى كەڭ بولۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق، ئىلمىي بولغان خوجىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت ئىقتىدارىغا ئىگە. سۇجۇ يولىدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار بازىرى قۇرۇپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى ئەۋزەل شارائىت، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئۈرۈمچىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش بازىرىنى كۆلەملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش ۋە بۇ بازارنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.





ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار بازىرى ۋە شىنجۇ شەھەر گۈلزارلىقىنىڭ پىلانى







# ھەققانىيەتنى ياقلاپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، ئامانلىقنى ساقلايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

مەملىكەت بويىچە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش كۈرىشى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «قارا كۈچلەرگە زەربە بېرىش» دولقۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بىر ئاي مابەينىدە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كۈچنى توپلاپ قاتتىق ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بىر تۈركۈم جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قانۇن بويىچە ئوچۇق سوت قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جەسۇرانە كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. نۆۋەتتە بۇ كۈرەش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلماقتا. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق ساقچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى چوقۇم ۋەزىيەتكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كۈرەشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا مەدەتكارلىق قىلىپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى يىلدا جەمئىيەت ئامانلىقنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش» نىشانىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ھەمدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە ئۈزلۈكسىز قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، قايتا ـ قايتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىدى. ئەمما خەلقئارا چوڭ مۇھىت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، بەزى جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ئوساللىشىپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى سەل كۆپىيىپ، پارتلىتىش، قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىقتا ئوخشاش ئامانلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەر ئەدەپ كەتتى. شەھۋانىيلىق، قىمار، زەھەرگە ئوخشاش رەزىللىكلەر توسىۋالغىنى ئەۋج ئېلىپ، خەلق ئاممىسى ئەندىشىدە قالدى. جىددىي ئامانلىق ۋەزىيىتى بىزدىن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھەيۋىسىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسىنى قەتئىي بېسىقتۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى قىياپىتىدە تېز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى قوغداشنى تەلەپ قىلماقتا.

بۇ قېتىمقى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئالدى بىلەن زەربە بېرىلىدىغان مۇھىم نۇقتا تەشكىللىك جىنايەت، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچى تاياقچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى تەشكىللىك ئۆتكۈزگەن جىنايەت. يول توسار بۇلاڭچىلار ۋە لۈكچەكلىك جىنايىتى؛ ئىككىنچىدىن، پارتلىتىش، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئېغىر زەخىملەندۈرۈش، تۇتقۇن قىلىۋېلىشقا ئوخشاش ئېغىر زوراۋانلىق جىنايىتى؛ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئاممىنىڭ جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان، كۆپ يۈز بېرىدىغان جىنايى قىلمىشلاردىن ئىبارەت. جايلار چوقۇم ئالدىنقى باسقۇچلۇق تۈنجى جەڭدىكى غەلىبە نەتىجىلىرى ئاساسىدا تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، غەلىبىنىڭ ئىلگىرىلەپ، باشتىن ئاخىرغىچە «دۈشمەندىن بالدۇر قول سېلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بوش قويماي قوغلاپ زەربە بېرىپ، قارا كۈچلەرنى قويماي يوقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مۇداپىئە سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىغا خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم.

جەمئىيەت ئامانلىقى زور ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، يەنە زور سىياسىي مەسىلە. بىز چوقۇم پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەڭ تۇتۇپ بىللە باشقۇرىدىغان، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان جەمئىيەت ئامانلىقى سىستېمىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ داغدۇغىلىق كۈرەشتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىشتەك خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، مۇۋاپىق پەيتتە قارار، بېكىتمە چىقىرىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ زىيانداش قارا كۈچلەرنى قانۇن بويىچە جازالىشىنى قوللاپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىشى، مەلۇمات ئاڭلاش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئالاھىدە مەسىلەلەرنى تەكشۈرۈشتەك پائالىيەتلەر ئارقىلىق، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»ىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، جىنايەتچىلەرگە قاتتىق، تېز زەربە بېرىپ، بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشى لازىم.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大


(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 219 ـ سان) (21 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت ، نۇرگۇل كېرەم


## ئوبزور


ھەققانىيەتنى ياقلاپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، ئامانلىقنى ساقلايلى ........................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يازغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟ ........................ ئوبۇل مۇھەممەت (4)

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا ........................ ئەكبەر ئابدۇللا (7)

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سىياسىي، قانۇنچىلىق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ........................ جانىخان ئەلىشا (تاجىك) (13)


## خىزمەت تەتقىقاتى


ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا...ئابدۇكېرەم يۈسۈپ (16)

«3 كە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ، ئەرزىيەت دېلولىرىنى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە بېجىرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك ........................ ئاسىگۈل ئابلەت (19)

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم يولى........................ ئابدۇخالىق ئىمىن (20)

ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۈچ ھالقا ........................ (22)

مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش قېلىپلاشتۇرۇلۇشى كېرەك ........................ (23)


## قانۇن تەتقىقاتى


ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى تۈرغۇزۇش جەريانى ........................ چېن سىشى ، ليۇ سۇگۇەن (25)


## مۇلاھىزە


ئاققۇنلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ...... رىزۋانگۈل بارات (34)

سىجىل تەرەققىيات ئاتالغۇسى ھەققىدە يۈزەكى قارىشىم ........................ مەمەت قاسىم (38)


## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش


خانىم ـ قىزلىرىمىز قاچانغىچە يەكلىنىدۇ؟ ........................ ئانىقىز ئەزىزى (40)

ئوقۇتقۇچىلار قانداق رەھبەرلەرنى ياقتۇرىدۇ ........................ باھار روزى (42)

## خەۋەرلەر

دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىزدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بەتكۈزمە دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلدى قاتارلىق 12 پارچە ماقالە ............ (44)

## تەكشۈرۈش دوكلاتى

نارازىلىق ئىچىدىكى مېخانىزمنى كۈچەيتىپ، باھالاش خىزمىتىنى ئەسلىدىكى ياخشى ئىشلەيلى ............ (51)

## تەرمىلەر

ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى ئالدىن ئىجرا قىلىشنىڭ تەتبىقلاش دائىرىسى ۋە شەرتلىرى ............ مەمتىمىن موللا نىياز (56)

## بىلىۋېلىڭ

قېلىۋېرىۋردىكى ئىشقۋازلىق كۆرۈنۈشلىرىنى تۈسىدىغان كۆشەندە چىقتى ............ (57)

## دۇنياغا نەزەر

بېلەت ھېسابلاش ماجىراسىنىڭ سوت قىلىنغانلىقىدىن ئامېرىكا زوكونۇك سايلىمىنى بەك ئادىل دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ... مەمتىمىن ئابلىز (58)

## تارىختىن سۆز

ئۇيغۇلار كەشىپ قىلغان گلوبۇس ............ سادىق نىياز (60)

## ئەتىرگۈل

ئەل ئۇغلىمەن قاتارلىق ئىككى پارچە شېئىر ............ يۈسۈپجان بارات (جەۋھىرى) ، قۇربان ئابدۇرېھىم (63)

## كىچىك لۇغەت

قانۇن ـ نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار ............ (64)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش
ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورو
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يازغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟



ئوبۇل مۇھەممەت

«ئاساسىي قانۇن» ۋە «تەشكىلىي قانۇن»دىكى
بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ناھىيىلىك خۆ
كۈمەت ۋە ناھىيىلىك ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن قانۇن
نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى يۈرگۈزىدۇ. نا
زارەتچىلىكنىڭ تەرتىپلىك ئېلىنىشى ئۈچۈن خ ق
دائىمىي كومىتېتى شۇ يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇق-
تىلىرى (خىزمەت پىلانى)نى يىل بېشىدىلا تۈزۈپ دائى-
مىي كومىتېت قەرەللىك يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆت-
كۈزۈپ يولغا قويىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەر قېتىم-
لىق قەرەللىك يىغىنىدا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە-
نىڭ قايسى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش،
قايسى تۈرلەردە دائىمىي كومىتېت ئورگىنى مەخسۇس
تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يې-
زىپ دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چى-
قىشى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال تەييارلاش بېكى-
تىلگەن بولغاچقا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بويىچە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، ۋەكىللەر،
كەسىپ ئەھلىلىرى، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك
خىزمەت ئاپپاراتلىرىدىن ئادەم قاتناشتۇرۇپ، مەخسۇس
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. تەكشۈرۈش گۇرۇپپى-
سىغا مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىر يېتەكچىلىك قىلىدۇ.
تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندا، تەكشۈرۈش دوكلاتى
يېزىش مۇقەررەر ھالدا دائىمىي كومىتېتنىڭ شۇ ئىشقا
مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ياكى
كەسپىي خادىمىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. تەكشۈرۈش
دوكلاتى پۈتكەندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا تەكشۈرۈش
گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان بارلىق خادىملار باش قوشۇپ
بىرلىكتە ئاڭلايدىغان، كەمتۈكلىرىنى تولۇقلايدىغان، ئار-
تۇقلىرىنى قىرقىيدىغان ئىشلارنى بېجىرىدۇ. تەرتىپ
بويىچە ئالغاندا، مۇشۇنداق بولغىنى توغرا ۋە مۇشۇنداق
بولۇشى لازىم. ئەمما خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئايرىم جايلاردا
بۇنداق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولماي، دائىمىي كو-
مىتېت ئورگىنىدىن قاتناشقانلارغا قالىدىغان ياكى تەك-
شۈرۈش دوكلاتىنى كىم يازغان بولسا شۇنىڭ دېگىنى
ھېساب بولۇپ دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا
بىۋاستە سۇنۇلىدىغان، يىغىندا بىۋاستە ئوتتۇرىغا قو-
يۇلىدىغان ئىشلارمۇ بار. خىزمەت ئەمەلىيىتىدە بۇنى توغرا
دېگىلىمۇ، بىراقلا خاتا دېۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. تەكشۈرۈش
خىزمىتىنىڭ قانۇن ـ تەرتىپلىك بولغانلىقى، تەكشۈرۈش
دوكلاتى قانۇننى ئاساس، پاكىتنى ئېنىق قىلىپ يېزىل-

غانلىقى، قانۇندىن چەتنەپ كەتكەن ئاتالغۇ، سۆز ـ جۇملىلەرنىڭ يوقلىقى، ئاڭلىغۇچىلاردا رازىمەنلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرەلىگەنلىكى، يىغقاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۇپ مەنپەئىتى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۆلچەم قىلىندۇ.

ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يازغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشقا دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن:

1. ئىجراسىنى تەكشۈرمەكچى بولغان قانۇننى ئالدى بىلەن ئۆزى پىششىق ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. ① ئىجراسىنى تەكشۈرمەكچى بولغان شۇ قانۇننىڭ قايسى ماددىلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدا توغرا ئىجرا قىلىنماي، ئاشۇرۇۋېتىلىپ ياكى كېمەيتىۋېتىلىپ، قانۇننىڭ ئەينەكلىكى بۇزۇۋېتىلىپ، «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋالنى «كۆڭۈلدە سان» قىلىش. ② تەكشۈرۈشتە تەكشۈرگەن، زىيارەت قىلغان ئوبيېكتلارغا يەل بەرمەسلىك ھەم باسماسلىق. چىگىش ـ مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرىدىن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ھەقىقەتكە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش، كەڭ خەلقنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىنى، سادا ـ ئىنكاسىنى ھاكىمىيەت ئورگىنىغا، ئىجرائىيە ئورگىنىغا، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىغا ئەينەن يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشمىغان ئادەمگە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشقا ھوقۇق بېرىشكە بولمايدۇ. يېزىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تۈزىتىشكىمۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئادەملەردىن تاللاش لازىم. دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا سۇنۇلىدىغان خىزمەت دوكلاتى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاشقا «يازغۇچى» ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىن جەۋھەر سۆزلەيدىغان ھەقىقەتچى لازىم.

2. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا «پارتكوم» سۆزىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. بەزىبىر تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى كۆرسەم، «ناھىيىلىك پارتكوم»، يېزا ـ بازارلىق «پارتكوم» دېگەن ئاتالغۇ باركەن. دائىمىي كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدا بۇ ئىككى دەرىجىلىك «پارتكوم» سۆزىنى ئىشلەتسە نىشاندىن ئېزىش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى: 1) دائىمىي كومىتېت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرمەيدۇ. دۆلەت قانۇنىدا، كومپارتىيىنىڭ نىزامنامىسىدا بۇنداق بەلگىلىمە يوق. ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى يېزىپ كېلىۋاتقان جۈملىدىن يۇقىرىغا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى يېزىپ كېلىۋاتقان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ قېلىپ ـ شەكلى: ① نەتىجىلەر؛ ② يېتەرسىزلىكلەر؛ ③ تەكلىپلەرگە بۆلۈپ يېزىلىۋاتىدۇ. نەتىجىلەر قىسمىغا «پارتكوم» سۆزىنى ئىشلەتسە، ئەلۋەتتە قالغان ئىككى قىسمىمۇ پارتكومنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالىدۇ. 2) قانۇندا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزۈش بېكىتىلگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا «پارتكوم»نى كىرگۈزۈۋېلىش بىلىپ ـ بىلمەي سادىر قىلغان نىشان خاتالىقى بولىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

3. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، ئىجراسىنى تەكشۈرمەكچى بولغان قانۇننىڭلا گېپىنى قىلىشنى، قەيەرنى تەكشۈرگەن بولسا شۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىشنى، تەكشۈرۈش داۋامىدا قانچىلىك سان ئىگىلىگەن بولسا شۇنىلا يېزىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرى يازغان تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنىڭ ئايرىملىرىدا ئۆزى تەكشۈرگەن ئىش تۈرىدە ناھىيە بويىچە ھاسىل بولغان ئومۇمىي نەتىجىلەرنى، سان ـ سىفىلارنى، يېتەرسىزلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ يازىدىغان ئەھۋال بار. بۇنداق «ئومۇمىي ئەھۋال»نى يىغىنغا دوكلات بېرىدىغان ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئۇنتۇرىغا قويىدۇ. دائىمىي

كومىتېت ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرى ئۆزى تەكشۈرگەن ئورۇن ـ تارماقنىڭ كېيىنى قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلىش دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىشىغا بىرىنچى قول ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈندۇر. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئىجرائىيە ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى، سوت ئورگىنى بەرگەن «خىزمەت دوكلاتى» بىلەن دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرگە ئوبيېكتىپ ۋە توغرا باھا بېرىدۇ. قاراپ چىقىپ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە زۆرۈر تەكلىپ بېرىدۇ. دوكلات بەرگۈچى ئورگانلار بىلەن تەكشۈرگۈچى ئورگاننىڭ دوكلاتىدىكى ئومۇمىي ئىشلار، سان ـ سىفىرلار ئوخشاش بولۇپ چىقسا، ھەر ئىككىلا تەرەپ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئىشلارنى ئوخشاش تەلەپپۇزدا دوكلات قىلسا، بۇنداق تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. «تامچە سۇدا قوياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش» مەقسىتىگە يېتەكلى بولمايدۇ. كونكرېتراق دېگەندە: «شىركەت قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندە تەكشۈرۈشتە بولغان شىركەتنىڭلا كېيىنى قىلىشىمىز كېرەك. ئومۇمىي شىركەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھۆكۈمەتنىڭ شۇ ئىشقا مەسئۇل ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەكشۈرگەن دېلولار بولسا، شۇنىڭلا كېيىنى قىلىشىمىز كېرەك. ئومۇمىي دېلولارنىڭ ئەھۋالىنى ئىككى مەھكىمە دوكلات قىلىدۇ ۋە باشقىلار. بۇنداق بولمىسا كەم دېگەندە مۇنداق ئىككى ئىش كېلىپ چىقىدۇ: ① تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يازغۇچى يالغانچىلىق قىلغان بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا تەكشۈرگەنگە تەكشۈرمىگەننى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىۋەتكەن بولىدۇ. ② ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ كېيىنى قىلىۋالغان، ئىشنى قىلىۋالغان بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئىشنى قىلسا، ئۇلار دەيدىغان «گەپ»نى قىلسا بولمايدۇ.

4. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا قانۇندىن چەتنىگەن سۆزلەرنى يازماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلاپلا «تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى قانداق يېزىشنى «كۆڭۈلگە پۈتۈش» كېرەك. ئىجراسىنى تەكشۈرمەكچى بولغان ئەمەلىيەتتە، ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن «قانۇن»لارنىڭ ماددىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ قانۇندا نېمە دېيىلگەن، تەكشۈرۈشتە بولغان ئورۇن ـ تارماقلار قانداق ئىشلىگەن، قانۇننى خەلق ئاممىسىغا بىلدۈرۈش قايسى دەرىجىدە بولغان ... دېگەندەك نۇپ ئىشلار يېزىلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش دوكلاتى نېمىنى كۆرسە شۇنى خاتىرىلەيدىغان «پاسسىپ ئىنكاس» بولماسلىقى كېرەك. «تەكشۈرۈش دوكلاتى»نىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەقسىتى يوق!

قىسقىسى، دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ـ نازارەتچىلىكتۇر. «تەكشۈرۈش دوكلاتى» نازارەتچىلىكنىڭ خاتىرىسىدۇر. تەكشۈرۈشنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشى، «تەكشۈرۈش دوكلاتى»نىڭ قانداق يېزىلىشى نازارەتچىلىكنىڭ سۈپىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. تەكشۈرۈش دوكلاتىنى شۇ ئىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلار بېكىتىپ ئاخىرىدا مۇدىر كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن بېسىپ كۆپەيتىشنى تەستىقلاش رەسمىيىتىنى چىقىتىش لازىم.

(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



# دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا

**ئەكبەر ئابدۇللا**

ئىلمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن چاغدا، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان نىشانىنى يەنىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. كىشىلەرنىڭ كۆز تىككىنى شۇ بولدىكى «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» ئېلىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مەزمۇنى قىلىنىپ، تۇنجى قېتىم پارتىيىنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى قىلىندى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز — كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشىنى قانۇن ئىزاغا سېلىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنداق قانۇن بىلەن تۈزۈم رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان بولۇشى كېرەك دېگەنلىك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزىدە پارتىيىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى فاكچېنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىپ «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»نىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي مەزمۇن كونكرېت شەرھلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رەھبەرلىك قىلىش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئېنىقلىنىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى نامايان قىلىنغان.

يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتتا: «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولىنى تۇتۇش، ئاپپاراتنى ئىخچاملاش، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش»تىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتتا يەنە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە: 1) دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 2) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ 3) ئورگانلار ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش؛ 4) دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 5) تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بەش جەھەتتىكى تەدبىر بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايە-

دىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قانۇن سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، قانۇننىڭ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»دا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بولسا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» نىشانى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «قانۇنچىلىق»تىن «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»قا ئۆتۈش، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىشقا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ زور تەرەققىياتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا نامايەندە خاراكتېرلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇننى يولغا قويۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ھەقىقىي يولغا قويۇش ۋە ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ: «جۇڭگو ئۇچۇن كەملىك قىلىۋاتقان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئاساسەن ئىككى نەرسە كەم: بىرى، مۇستەقىللىق؛ يەنە بىرى، دېموكراتىيە. بۇ ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويغىلى بولمايدۇ» دېگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ: «جۇڭگودا بۈگۈنكى كۈندە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دېموكراتىيە پەقەتلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، مۇھىم نۇقتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باشقۇرۇشنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى؛ خەلق دېموكراتىيىسى ـ دىكتاتۇرىسىنى جەزمەن سۆزلەش لازىم؛ دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش دىكتاتۇرىنى كېرەك قىلماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش؛ ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش؛ پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتە تۈپ مەسىلە ئادەم تەربىيىلەش، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقنى چوقۇم قەدەم ـ باسقۇچلۇق ۋە رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش؛ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى سۆزلەش كېرەك؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قانۇنچىلىققا تايىنىش لازىم؛ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ؛ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، تىنچ ئىتتىپاقلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتكەندى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بۇ بايانلار تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، شۇنداقلا بۇلار بىزنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىزدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، قايسى بىر شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ئەمەس، ۋاقىتلىق تەدبىرمۇ ئەمەس،

بەلكى مەركىزىي كومىتېت جۇڭگو 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئوتتۇرىغا قويغان بىر مۇھىم تەدبىر بولۇپ، چوڭقۇر تارىخىي سەۋەب ۋە جىددىي ئېھتىياجغا ئىگە.

1) تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيە شارائىتىدا، «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ھەمىشە «دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى»نى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا سەل قارالسا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش زىيانغا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. گۈللەنگەن، باي ۋە قۇدرەتلىك، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا، ساغلام بولغان قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بولمىسا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولى تۇتۇلمىسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش تارىخىي مۇقەررەرلىك، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت.

2) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك قانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق چىقارغان تارىخىي يەكۈن شۇنداقلا جۇڭگو ۋە دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتى چىقارغان تارىخىي يەكۈن. ئۇن نەچچە يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانۇن بويىچە باشقۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپلىك ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ئۇزاققىچە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

3) ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «2010 ـ يىلى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك». ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا، جەمئىيەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەسىلىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلىشتا، ساغلام، مۇكەممەل بولغان قانۇنچىلىقتىن، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل ئېلىپ بېرىشتىن، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغىنى يوق.

4) دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ كاپالىتىگە باغلىق. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىر تەرەپتىن سىياسىي تەرتىپنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قانۇن چىقىرىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ساغلاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغاندا، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش يولىغا سېلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش خەلقنىڭ ئارزۇسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى. دۆلەتنىڭ مۇقىم، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىغا، گۈللەپ ياشنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ

ئېھتىياجى.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش بىر مۇكەممەل ئىنتىلىش. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا يېتىدىغان سىياسىي تەلەپ. «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئاساسىي مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»نىڭ ئاساسىي سۇبيېكتى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى. دۆلەتنى كىمنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغانلىقى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈپ مەسىلە. نەچچە يۈز مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلق قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەندى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىدىن دۆلەتنى ۋە تۈرلۈك ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دەل سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئەگەر خەلق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىدىغان بولسا ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.



2) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خەلق دېموكراتىيىسى ـ دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قوغدايدىغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرگەن، قانۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە، ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ۋە ئىنتايىن زور مۇقىملىققا ئىگە بولغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دۆلەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى. شۇ سەۋەبتىن بارلىق پۇقرالار، دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك.

3) «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»نىڭ مەزمۇنى ھەر خىل يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك، بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار خىزمەتلىرى قانۇنلىشىشنى، قېلىپلىشىش ئىزىغا سېلىنىدۇ دېگەنلىك. بۇنداق بولغاندا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھالىتىدىنمۇ، غەربتىكى كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشىدىنمۇ ئېنىق چەك ـ چېگرا ئاجراتقان. شۇ سەۋەبتىن بۇ دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئومۇمىي تەدبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە:

1) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ــ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قانۇنچىلىق ئىگىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، قانۇن ۋاسىتىسى جۇملىدىن قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، قانۇن نازارەتچىلىكى، قانۇن تەربىيەسى قاتارلىقلارغا تايىنىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۋاتقان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە قانۇن مۇھىم تەڭشىگۈچ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇننىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يولغا سېلىش جەريانىدا، ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ ئېھتىياجى. قىسقىسى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئى-

داره قىلغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇدا، تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

2) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ خوجايىنلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا: «دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇش كېرەك» دەپ تەكىتلەندى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش يەنە دېموكراتىك سىياسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرگەن ۋە قانۇنلاشتۇرغاندىلا خەلق ئاندىن قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىككە قاتنىشىپ خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغىلى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

3) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. قانۇنچىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بىر زامانىۋىلاشقان دۆلەت چوقۇم قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا: «قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلىتىش» لازىم. بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ئەخلاقنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، بەلكى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئۇنىڭ كاپالىتى قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كىشىلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تونۇپ يەتتى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» دەپ تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن مەركەزدە ئۇيۇشتۇرۇلغان قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشىمىزدىكى مۇقەررەر تەلەپ» دەپ كۆرسەتتى. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈپ ئومۇمىي تەدبىر دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەم يېڭى مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە مەدەنىيلىكلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى ھەم پارتىيىمىز خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشىنىڭ سىگنالى.

4) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى ئۈنۈملۈك يول. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن زىت ئەمەس. ماھىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى خەلقنىڭ ئىرادىسى بىلەن پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنىڭ بىرلىكى. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشتىمۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئۈنۈم بېرىدۇ؛ پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشتىمۇ، قانۇن بويىچە قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىدىكى زور تەرەققىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىمىز سىياسەتكە تايىنىپ ئىش بېجىـ

رىشتىن پەيدىنپەي سىياسەتكىلا تايىنىپ قالماي، يەنە قا-
نۇن بويىچە ئىش بېجىرىدىغان، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئە-
تىنى قوغدايدىغان ۋە دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ئىپادىلە-
نىدىغان قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا ئۆتىدۇ.

پارتىيە رەھبەرلىكى قانۇن چىقىرىش جەھەتتە ئاسا-
سەن مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قى-
لىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە خەلقنىڭ ئىرا-
دىسى ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەشەببۇسلارنى
جۈملىدىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىيا-
سەتلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. پۈتكۈل
جەمئىيەت بويسۇنۇشى كېرەك بولغان قانۇن ۋە تۈزۈملەرگە
ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات-
لىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار
دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، دۆ-
لەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى
مۇستەھكەملەش ۋە ياخشىلاش، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت
بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم يولى.

5) دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلەتنى ئۇ-
زاققىچە ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. تارىخىي
تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، قانۇن ـ پەرمانلار
يۇرۇشلەشسە دۆلەت تۈزۈلىدۇ، گۈللىنىدۇ، ئەكسىچە بولسا
دۆلەت قالايمىقانلىشىدۇ ۋە زەئىپلىشىدۇ. دۆلەتنىڭ مۇقىم-
لىقىنى ساقلاش، ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشتىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئىشەنچلىك تەدبىر دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش. يولداش دېڭ شياۋ-
پىڭ قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگونىڭ
مەسىلىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى سوتسىيا-
لىستىك مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، مۇقىم مۇھىت بولمىسا
ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. قولغا
كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ». دې-
مەك مۇقىملىقتىن مەقسەت تەرەققىيات ئۈچۈن، خەلقنىڭ
ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى
ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. يولداش جياڭ زېمىن مەركەزدە
ئۇيۇشتۇرۇلغان قانۇن بىلىملىرى لېكسىيە يىغىنىدا تە-
كىتلەپ: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا
قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ئىقتىسادنىڭ ئۇدا، تېز،
ساغلام راۋاجلىنىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىل-
گىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشتا، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا
كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە»
دەپ كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت بەرپا قى-
لىشنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشىغا
ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشىنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىشىنى قا-
نۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆزى ئىگە بولغان مۇقىم-
لىق، ئۇدالىق، ئىلمىيلىك، نوپۇزلۇق قاتارلىق ئالاھىدىلى-
كى بەلگىلىگەن. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى تولۇق ئىس-
پاتلىدىكى، دۆلەتنى قانۇن بويىدا ئىدارە قىلىش ھەمىشە
گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپا-
لىتى بولدى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن
ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش دۆلەتنى
تۈزەشنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىسى قىلىش سوتسىيالىس-
تىك دېموكراتىك سىياسىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيا-
لىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ
ئاساسىي تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىشنى مەقسەت
قىلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى
قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدىكى نەزەرىيىۋى يۈك-
سىلىش ھېسابلىنىدۇ. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى،
دۆلىتىمىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا ما-
ڭىدىغانلا بولسا، بىر باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدە-
نىيەتلىك، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت
چوقۇم دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمە-
تى بۆلۈمىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

# دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سىياسىي قانۇنچىلىق ساپا ئېڭىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

جانىخان ئەلىفشا (تاجىك)

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سىياسىي، قانۇنچىلىق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۇتۇملۇك ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى.

مۇقىملىق خىزمىتى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ باش تېمىسىغا ئايلانغان ۋە مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سىياسىتىنىڭ جەڭ سىگنالى پۈتۈن شىنجاڭغا پارلاق ۋە گۈزەل ئىستىقبال ئاتا قىلغان پەيتتە، يېڭى ئەسىرنىڭ ئۈمىدۋار قۇچىقىدا جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك تەشۋىقات، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەش رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاممىنى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە دادىل يېتەكلەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ۋە ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئېتىقادىنى قەتئىي چىڭىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئاسان كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنتايىن جاپالىق ۋە مۇرەككەپ، ئىنچىكە خىزمەت.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قارىتا تۈرلۈك قانۇنچىلىق تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق، توسالغۇلار يۈز بېرىشى چوقۇم. شۇڭا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى داۋاملىق سىياسىي يۈكسەكلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جانجان ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىنىڭ تەشۋىقاتى سالمىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى زۆرۈر:

1. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە سىياسىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى قەتئىي ئاشۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پۈتۈن دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قارىتا ماركسىزملىق دۇنيا قاراش تەربىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تۈرلۈك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ۋە مەنىۋى ـ مەدەنىيلىك خىزمەتلىرىنى باسقۇچلار بويىچە تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» خىزمىتىنىڭ ساغلام، ئىجادىي، ئۈنۈملۈك، توغرا ئېلىپ بېرىلىشىغا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، نىشاننى ئېنىق ئىگىلەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ئەخلاق، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەنى-

ۋى ـ مەدەنىيلىك خىزمىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاممىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ئورتاق يارىتىشقا يېتەكلەش لازىم.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا تۈرلۈك قانۇن، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى توغرا، تەپسىلىي تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جانىجان ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى، مەجبۇرىيەتلىرىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن تۈرلۈك شەكىلدىكى قالايمىقان ئىئانە توپلاش، قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، سېلىق سېلىش، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىماسلىق قاتارلىق دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، نامۇۋاپىق بەلگىلىمە ۋە ئارتۇقچە تۈزۈملەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پارتىيىنىڭ ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مالىيىنى ئاشكارا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جەزمەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك دەۋا ـ دەستۇرلەرنى، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى، جېدەل ـ ماجىرالارنى، پايدا ـ زىياننى باي ـ نامرات، ياۋاش ـ كۈچلۈك، يىراق ـ يېقىن دەپ ئايرىماي، دەلىل ـ ئىسپاتلار ئاساسىدا قانۇننى توغرا، ئادىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى رازى قىلىشى ۋە مەڭگۈ ئەمىن تاپقۇزۇشى لازىم.

2. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ماركسىزمنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ماتېرىيالىزملىق ۋە ئاتېئىزملىق ئېتىقادىنى قەتئىي كۈچەيتىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى ـ مەدەنىيلىك ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پۈتۈن دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قارىتا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پۇختا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم ۋە سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى پەيدىنپەي چىڭىتىپ، دۇنيا قارىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم.

بىزگە مەلۇمكى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى. مائارىپ خىزمىتى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ـ ئەخلاق ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مەنىۋى ئاساسى.

سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلىنىش پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى بىر خىل ئەڭ ئالىي ئېڭى، ئەلالىشىش تەرەققىيات نىشانى ۋە يۆنىلىشى.

شۇڭا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئېڭى ۋە ساپا مائارىپ ئېڭىنى داۋاملىق يېڭىلاپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى كەڭ ئاممىغا ئېنىق بىلدۈرۈپ، باسقۇچلار بويىچە قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تەجرىبە ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن چەت ـ ياقا جايلىرىدا تېلېۋىزور، رادىئو قاتارلىق ئۇچۇر ۋاستىلىرى تولۇق ئومۇملاشقىنى يوق، قاتنىشى قولايسىز بولغانلىقتىن گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم جايلاردا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى، قانۇن جەھەتتە تەربىيە ئېلىش شارائىتى تولۇق بولمىغانلىقتىن

قىسمەن ئاز ساندىكى كىشىلەر دىنىي ۋە فېئودال ئەنئەنىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ۋە مائارىپ سىياستىگە قالايمىقان ئارىلىشىپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلماقتا.

لى خۇڭجىغا ئوخشاش ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر پەن بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساختا هىيلە ـ نەيرىڭى بىلەن ئاممىنى ئالداپ، ئۆزىگە شايكا توپلاپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلەپ، ئىلىم پەنگە بولغان ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ، ئاخبارات، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قەستەن ئارىلىشىپ، پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا، مىللەت ۋە دۆلەت شەنىگە داغ چۈشۈرمەكچى بولدى.

هالبۇكى لى خۇڭجى كىشىلەرگە ئائالمىش «فالۇن گۇمپىسى» ئۆگىتىش ئارقىلىق مېھر ـ شەپقەت ۋە ساغلاملىق، ئەۋلىيالىق يەتكۈزۈشنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلىش بەدىلىگە ئۆزىگە هارام ئىقتىساد ۋە مال ـ بايلىق توپلاپ ھەممە يەردە ئالدامچىلىق ، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

شۇڭا، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا پارتىيىنىڭ ساپا مائارىپىغا دائىر فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاممىنى سۈپەتلىك تۇغۇش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلىنىش يۆرىلىشىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي تەشۋىقات، شەكلى ئۆزگەرگەن دىنىي پائالىيەت، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلات، شەخس، ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەرگە، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قەلبىنى پارتىيىگە مەڭگۈ مايىل قىلىشى لازىم.

ئەمما، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى، قانۇن تەشۋىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە ئۆتكۈزۈشكە يول قويغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، تۈرلۈك ھېيت ـ بايراملارنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى چەكلەش ھوقۇقى يوق.

مۇھىمى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يېڭى شەيئى، يېڭى ئوبراز، يېڭى ئىشلارنى پەرق قىلىش ۋە ھەقىقىي تونۇش ئىقتىدارىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىلمىي روھ بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارغا دىنىنىڭ ئادەمنى ئىدىيە ۋە روھىي جەھەتتىن زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىش ۋە تەربىيىلىنىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

**(ئاپتور تاشقورغان ناهىيە داتۇڭ يېزىسىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

## سۇ ئۈزۈش

شىپ تىگفېك بىرىنچى قېتىم سۇ ئۈزۈش دەرسىگە قاتناشتى، بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ تېرېنىرغا دېدى: «مېنىڭچە، بۈگۈنكى مەشىقنى مۇشۇ يەرگىچە قىلساق بولامدۇ؟»

«نېمە ئۈچۈن؟» سورىدى تېرېنىر.

«مەن بۇ سۇنى ئىچىپ بولالمىدىم.»

**تاھىر مامۇت تەرجىمىسى**

# ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئابدۇكېرەم يۇسۇپ

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. ئېلىمىزدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. خەلق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى. ئۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىللەپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم. ئۇ ئېلىمىزنىڭ كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، ئىنقىلابىي بازىلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا ئورنىتىلغان. ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئېھتىياجى شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەن. ئېلىمىز ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خەلق سايلىمىدا ۋەكىللەردىن پەيدا بولىدۇ. خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

پارلامېنت تۈزۈمى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پارلامېنتنى دۆلەت سىياسىي پائالىيىتىنىڭ مەركىزى قىلىدىغان، ھۆكۈمەت پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، دۆلەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنگلىيە فېئوداللىق تەبىقە ۋەكىللەر يىغىنىدىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان، كېيىن بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يولغا قويۇلغان. ئۇ ھازىرقى زامان دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، تۈپ شەكلى ۋە يادروسى. ھازىرقى زامان دېموكراتىك جەمئىيىتىنى فېئودال مۇستەبىتلىك جەمئىيىتىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ ئاساسىي بەلگىلەرنىڭ بىرى.

ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پارلامېنت تۈزۈمى پەيدا بولغان تارىخىي شەرت ـ شارائىتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە تارىخىي رولى شۇنداقلا سىنىپىي مەزمۇنى ۋە ماھىيەت جەھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ دىكتاتۇرا قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرژۇئازىيە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتۇرا قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. لېكىن شەكىل جەھەتتىن غەرب پالامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋاكالەت تۈزۈمى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ بىر خىل كونكرېت شەكىللىرى. ئۇلارنىڭ تۈزۈم شەكلىنى كونكرېت سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن شەكىل جەھەتتە ھەم ئورتاقلىقى ئىگە ھەم پەرقە ئىگە.

ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ ئىپادىلىرى:

1) ۋاكالەت ئورگانلىرى ئەزالىرى سايلامدا پەيدا بولىدۇ ھەم بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولىدۇ. سايلام بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي خاسلىقى ۋە تەلىپى. نۆۋەتتە بەزى غەرب دۆلەتلىرىدە ئاز بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى غەيرىي سايلام ئۇسۇلىدا پەيدا بولۇپ، ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتىگەندىن سىرت مۇتلەق كۆپ قىسىم غەرب دۆ-

لەتلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارلامېنت ئەزالىرى بولۇپمۇ
تۆۋەن پالاتا ئەزالىرى دېموكراتىك سايلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى
شەكلى بولغان بىۋاسىتە سايلامدا پەيدا بولىدۇ ھەم بەلگە-
لىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەت-
تىكى ئىقتىساد، مەدەنىيىتى نىسبەتەن قالاق بولغان دۆلەت
ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىك
سايلام ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دە-
رىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋاسىتىلىك سايلامدا
پەيدا بولىدۇ. ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىۋاسىتە سايلامدا پەيدا بولىدۇ
ھەم بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولىدۇ. كەلگۈسىدە
ئېلىمىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلۈشى، دېموكراتىك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ،
پائال شارائىت يارىتىپ، قەدەممۇ قەدەم ئومۇمىيۈزلۈك بىۋا-
سىتە سايلام تۈزۈمىگە ئۆتىدۇ.

2) غەرب پارلامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى
ئوخشاشلا يىغىننى ئاساسىي پائالىيەت شەكلى قىلىدىغان.
يىغىن شەكلى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش ۋاكالەت-
چىلىك تۈزۈمىدىكى ئورگانلارنىڭ ئاساسىي خاسلىقى ۋە
تەلىپى. مەيلى غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتى ياكى ئېلىمىز-
نىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى زۆرۈر يىغىن تۈزۈ-
مىنى بەلگىلەيدۇ شۇنداقلا مۇھاكىمە قائىدىسىنى بەلگى-
لەپ، ئۇنى تەرتىپلەشتۈرۈپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ، يىغىن ئۆل-
چىمى ۋە تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مۇھاكىمە دېموك-
راتىيىسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يىغىن ئاز سانلىق كۆپ
سانلىققا بويسۇنۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە،
ئاز سانلىقلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش جەھەتتىمۇ
مۇناسىپ كونكرېت بەلگىلىمىرى بار.

3) غەرب پارلامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى
ئوخشاشلا قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت
ئاساسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە. قانۇنلارنى تۈزۈش،
تۈزىتىش ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك قى-
لىش، تەكشۈرۈش ۋاكالەت تۈزۈمىدىكى ئورگانلارنىڭ ئاسا-
سىي خىزمەت ھوقۇقى ۋە ئەنئەنىۋى فۇنكسىيىسى. بۈ-
گۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە
قانۇنچىلىقىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى، مۇكەم-
مەل ياكى مۇكەممەل ئەمەسلىكى ئۇلارنىڭ سىياسىي، مە-
دەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. شۇڭا مەيلى
غەرب دۆلەتلىرى ياكى ئېلىمىز بولسۇن، ۋاكالەت ئورگىنى-
نىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەت قىلىش رولىنى ئۈزلۈكسىز
كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن ياخشى قانۇن شارائىتىنى يارىتىشقا تىرىش-
ماقتا.

4) غەرب پارلامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى
ئوخشاشلا پارلامېنت ئەزالىرى ياكى ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت
تۈزۈملىرىنى بەلگىلىگەن. ھەر ئىككىلىسى ۋاكالەت ئور-
گانلىرى ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، مۇئامىلىسى،
كاپالىتى، جازالاش قاتارلىقلارنى قانۇن شەكلىدە ئېنىق
بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ۋاكالەت ئورگىنى خىزمىتىنىڭ
نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

5) غەرب پارلامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيىدا
ئوخشاشلا كومىتېتقا ئوخشاش ئىچكى ئورگانلار تەسىس
قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى زور دەرىجىدە را-
ۋاجلىنىش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كۈنسېرى مۇ-
رەككەپلىشىشتەك ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا ماسلاشقان. بۇ
خىل كەسپلەشكەن ئىش تەقسىماتى پرىنسىپى ھۆكۈمەت
تارماقلىرىغا توغرا كەلتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەسىس
قىلىنغان. ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار ۋاكالەت ئور-
گانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ.

غەرب پارلامېنتى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى
شەكىل جەھەتتە يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇش
بىلەن بىرگە يەنە روشەن پەرققە ئىگە. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى:

1) دۆلەت ھاكىمىيىتى سىستېمىدا، غەرب دۆلەتلىرى-
نىڭ پارلامېنتى قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇن چىقىرىش
ئورگىنى بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل
يۈرگۈزىدۇ. باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە
ئۇچرايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي
ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، قانۇن چىقىرىش، ئورۇش،
تىنچلىق مەسىلىلىرىنى بەلگىلەش، ھۆكۈمەت، ئىككى
مەھكىمىنى نازارەت قىلىشتەك زور ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ.
ئۇ دۆلەت ھاكىمىيىتى سىستېمىسىدا ئاساس ۋە يادرو-
لۇق ئورۇندا تۇرۇپ ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ . باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ

17

چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

2) ۋاكالەت ئورگانلىرى بىلەن سىياسىي پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتىدە غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتى ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ياكى دۆلەت سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرىدىغان ئورگان. شۇنداقلا ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەر ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىدىغان سورۇن. ئېلىمىز ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بولسا ھاكىمىيەت بېشىدىكى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ھەمكارلىشىپ، دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىدىغان دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ۋاكالەت ئورگىنى.

3) تەشكىلىي پرىنسىپى، تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشۈشى جەھەتتە، غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتى ھوقۇقنى ئايرىشنى ئاساس قىلغان، چەك قويۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ھوقۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلغان دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىا ۋە ئاساسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇنداقلا ئېلىمىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. نۆۋەتتە دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دۆلەت ۋە رايونلار بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى ھازىرقى زامان مەنىسىگە ئىگە بازار ئىگىلىكى. بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق دۆلەت ۋە رايونلار جەزمەن بازار ئىگىلىكىگە ماس ھالدا قانۇن ـ تۈزۈمى مۇكەممەل بولغان، دېموكراتىيىسى ساغلام بولغان، ئۈنۈملۈك بولغان سىياسىي تۈزۈلمە ئورنىتىشى ھەم خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپى، قانۇن ـ تۈزۈم پرىنسىپى، ئىختىساسلىقلارنى تاللاش تۈزۈمى، كادىرلارنى تەربىيىلەش تۈزۈمى، دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمى، ھوقۇقتا چەك قويۇش، نازارەت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يولغا قويىدۇ. بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىياسىي باشقۇرۇشنىڭ ئورتاق تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئىچىدىكى ھازىرقى زامان سىياسىي مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەتىجىلەرنى، قانۇنىيەتلىك ۋە مۇۋاپىق نەرسىلەرنى ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز «كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى تۈزۈم بولۇپ قالىدۇ» ①.

بۇنىڭ ئۈچۈن غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ نىسبىي مەزمۇنى، ماھىيەت جەھەتتىكى تۈپ پەرقى شۇنداقلا شەكىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقى بىلەن پەرقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش، قاتتىق پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تەرتىپلەشكەن، قائىدىلەشكەن مۇنازىرىلىشىشتەك بەزى مۇۋاپىق نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك.

---

ئىزاھات:

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە 513 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئەرزىيەت دېلولىرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە بىجىرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك

**ئاسىگۈل ئابلەت**

هال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئاممىنى غەمدىن خالاس قىلىش پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. نۆۋەتتە، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، «ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلەنمەكتە.

ئەرزىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاساسىي قاتلامغا قويۇلۇشى، ئەرزىيەت دېلولىرىنى بىجىرىشتە شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىش ئاساس قىلىنىشى، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا «چوڭ ئىشلارنى يېزىدىن چىقارماسلىق، كىچىك ئىشلارنى كەنتتىن چىقارماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مەسىلىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىش ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ كونكرېت ئېھتىياجى. بۇ تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسىي قاتلامدا پەيدا بولىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئامما ئەمەلىي ئەھۋال ۋە مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئامما ئىنكاس قىلغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ناھايىتى ئېنىق. بولۇپمۇ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ۋە پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا سىياسىتى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پايدىلىق شارائىتى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنىڭ مىقدارى كۆپ، دائىرىسى كەڭ ھەم كونكرېت بولغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىۋاسىتە ھەل قىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى مەسىلىلەرنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، يەنىلا ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تايىنىش زۆرۈر.

ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇپ، مەسىلىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ھەل قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپ. بۇنداق قىلغاندا ئاساسلىقى، بىرىنچىدىن، ئاممىنى يۇقىرى، تۆۋەن چېپىپ يۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقتىن ساقلاپ قالغىلى، ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى ئازايتقىلى، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ خىزمەتكارلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تىنچسىزلىق ئامىللىرىنى بىخ ھالىتىدە تۈگىتىپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، دەرىجە ئاتلاپ ھال ئېيتىش ۋە خەت ـ چەك ئەۋەتىشنى ئازايتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى يۈكىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئامما ئىنكاس قىلغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئارقىلىق ئاممىنى رازى قىلغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ئونسۇ ناھىيىلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم يولى

ئابدۇخالىق ئىمىن

قانۇن نازارەتچىلىكى مېخانىزمىنى تۈرغۇزۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش بولۇپمۇ قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش جەھەتتە جاپالىق ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولى، قانۇن نوپۇزىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نازارەتچىلىك ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمايۋاتىدۇ. خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى جەھەتتىن كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش كېرەك

قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك شەكلى. ئۇ مەمۇرىي ئىشلار ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىستىل دۈرۈس، پاك ـ ئىنتىزامچان، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، خەلقنى كۆزلەيدىغان، خىزمەتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان يۇقىرى ساپالىق دۆلەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.

خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشتا ئوخشاش دەرىجىلىك مەمۇرىي، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش ـ نازارەتچىلىك قىلىش ئوبيېكتى قىلىشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشتا خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش، خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلاپ باھالاش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىق ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىلىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ھەر يىلى پىلان تۈزۈپ، مۇددەت ـ تۈركۈمگە بۆلۈپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئاساسلىق تارماقلار ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك جەھەتتىكى نوپۇزىنى تىكلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قانۇن نازارەتچىلىكىنى قېلىپلاشتۇرغىلى، تۈزۈملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. «ئىككىنى باھالاش» خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئىككىنى باھالاش—خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلىغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى باھالاشقا قارىتىلغان.

ئىككىنى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كادىرلارنىڭ پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتى-

يىنىڭ دوكلاتىدا: «بىزگە ھوقۇقنى خەلق بەرگەن، بارلىق كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى، ئۇلار خەلقنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن نازارەتچىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادىل، توغرا، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان تارماقلارنىڭ ئىشىنى ئاشكارا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇن نازارەتچىلىكى، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئىككىنى باھالاشنى يولغا قويۇشنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

**3. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقى، پىلانلىق تۇغۇت، دىن قاتارلىق خىزمەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ قارار چىقارغاندىن باشقا، يەنە ئاما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، جىددىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش قىيىن بولغان مۇھىم نۇقتا، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

**4. ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش — پۈتكۈل ئەدلىيە خىزمىتىگە قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن كونكرېت دېلوغا نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى كونكرېت دېلوغا نازارەتچىلىك قىلىشتا دېلو بېجىرىشكە بىۋاستە ئارىلاشمايدۇ، بەلكى كونكرېت دېلولاردىكى خاتالىقنى تۈزىتىشكە نازارەتچىلىك ـ ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قانۇننى ئادىل، توغرا ئىجرا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دېلوغا نازارەتچىلىك قىلىشتا مۇھىم نۇقتىنى (ئۇۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا دېلو) تۇتۇشى، تىپىك دېلولارنى توغرا تاللاپ نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(1) شۇ مەمۇرىي رايوندا چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان دېلولارغا نازارەتچىلىك قىلىش؛ (2) دەۋاگەرلەر ئۇزاق مۇددەت ئەرز، شىكايەت قىلىپ، نەتىجىسى چىقمىغان، جەمئىيەتتە ئىنكاسى كۈچلۈك دېلولارغا نازارەتچىلىك قىلىش؛ (3) دۆلەت، كوللېكتىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن دېلولارغا نازارەتچىلىك قىلىش؛ (4) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، خادىملارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، قانۇننى بۇزۇپ پارا ئالغان دېلولارغا نازارەتچىلىك قىلىش.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋاكالەت مۇددىتى ئىچىدە قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت نىشانىنى بېكىتىپ، ئۇنى يېقىنقى مەزگىل، ئوتتۇرا مەزگىل، يىراق مەزگىللەرگە بۆلۈپ، قەدەم ـ باسقۇچ بويىچە پىلانلىق ھالدا يولغا قويۇشى، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

**(ئاپتور گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۈچ ھالقا

*سايلامنى ياخشى تۇتۇش ئاساس.* سايلام ئۆتكۈزگەندە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

بىرىنچى، ۋەكىل نامزاتىنى غۇلغۇلا قىلغاندا، ئامما ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئىناۋىتى بار، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە، خەلق ئۈچۈن گەپ قىلىشنى ۋە ئىش قىلىشنى خالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىلەرنى ۋەكىل نامزاتلىقىغا كۆرسىتىش، ئەڭ ياخشىسى نامزاتنى سايلىغۇچىلار ياكى 10دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ كۆرسىتىش، ئاندىن پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار كۆرسىتىش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك. رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى بېكىتىشتە دېموكراتىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، سايلىغۇچىلار ياكى 10دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ كۆرسەتكەن نامزات بىلەن پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار كۆرسەتكەن نامزاتلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنىڭ باراۋەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، سايلام ئۆتكۈزگەندە رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش كېرەك. رەسمىي نامزاتلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ سايلىغۇچىلارنى نامزاتلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشقا بولغان تونۇشى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىگىلەپ، سېلىشتۇرۇپ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، رەسمىي نامزاتلارنى سايلىغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشتىكى ئىرادىسى ۋە پىلانلىرىنى بايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مەلۇم نىسبەتتە سايلامغا قاتناشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

*تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇش ئاچقۇچ.* ۋەكىللەرنى ئاساسىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى قاتارلىق قائىدە، نىزاملارنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئورنى، رولى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى يەنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش، ياخشى ۋەكىل بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋەكىللەرنى تەكشۈرۈشكە، كۆزدىن كەچۈرۈشكە، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا، شۇنىڭدەك دائىمىي كومىتېت يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتنىشىشقا ئوخشاش ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

*تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كاپالەت.* بىرىنچىدىن، چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان قائىدە، تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئاڭلىق ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. ۋەكىللەرنى ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈزۈم بولۇشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، سايلىغۇچىلارنى ۋەكىللەرنى نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

(**«ئىچكى موڭغۇل قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىل **2** ـ **3** ـ سانىدىن **ئەمەت توختى** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم.**

# مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش قېلىپلاشتۇرۇلۇشى كېرەك

ھازىر، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتا سەل قا- راشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

**ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق:** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى شەيئى، يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا كەلدى. قانۇن چىقىرىش ئارقىدا قالغان بولغاچقا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. مە- سىلەن: كارخانا ئىسمى، ئېلان، تاۋار ماركىسى قاتارلىقلاردا نۇرغۇنلىغان ساغلام بولمىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تار- ماقلار ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولمىغاچقا بۇلارنى قېلىپلا- شتۇرالمىدى.

قانۇن بويىچە ئىش قىلىش قىيىن بولۇش: بۇنىڭدا ئاساسلىقى بۇرۇن بار بولغان بەزى قانۇن، نىزام، قائىدىلەر، مەسىلەن: «شەھەر - يېزىلاردىكى سودا بازارلىرىنى باشقۇ- رۇش چارىسى»، «ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىغا مەمۇرىي جازا بېرىش نىزامى» قاتارلىقلاردا پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرى ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلا- شالمايۋاتىدۇ.

**قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولماسلىق:** بىرىنچى، بەزى قانۇن، نىزام، قائىدىلەر كارخانىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە مۈلۈككە مەسئۇل بولۇش ئۇسۇلى بويىچە تۈ- زۈلگەن بولماستىن،ئىگىدارلىق تۈزۈمى خاراكتېرىگە ئاسا- سەن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ئىگىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنىڭ باراۋەر بول- ماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ئىككىنچى، بەزى قانۇن، نىزام، قائىدىلەر تۈزۈلۈشتە دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، توغرا بايان قىلىنمىغان، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، تولىمۇ پرىنسىپال، يولغا قويۇشىمۇ قىيىن، بولۇپمۇ چارە كۆرۈش ئۆلچىمى بەك تومتاق بولۇپ قالغاچقا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چارە كۆرۈش ھوقۇقى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەن؛ ئۈچىنچى، قانۇن ئىجرا قىلى- دىغان ئورۇن كۆپ، فۇنكسىيىسىمۇ تەكرار بولغاچقا، قانۇن ئىجرا قىلىشتا تەكرار ئىش قىلىش، ئايرىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى؛ قانۇنغا خىلاپ بىرلا ئىشقا نىسبەتەن ئوخشىمىغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى سۇبيېكتلارنىڭ چارە كۆرۈش ئۆلچەملىرىدە پەرق بولغاچقا، بېرىلگەن جازا نە- تىجىسىمۇ ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى؛ تۆتىنچى، كارخانىلار، ۋاستىچى تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىش ھادىسىسى يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ ھەم مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

**قانۇن ئىجرا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق:** مەمۇ- رىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار تەشەببۇسكار بولمى- غاچقا، «يۇقىرا ئەرز قىلمىسا، ئەمەلدارنىڭ كارى بولماس- لىق»قا ئوخشاش ھادىسىلەر بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالدى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار كۆندىلىك خىز- مەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىقىپ نازارەت قىلمىغاچقا، تەكشۈرمىگەچكە، قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قى- لىنغان بەزى قىلمىشلار بىر تەرەپ قىلىنمىدى.

**قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى مۇكەممەل بولماسلىق:** بىرىنچى، سىياسىي ئىنتىزام، ئىقتىسادىي تەپتىش، مالىيە قاتارلىق مەخسۇس تۈرلەر بو- يىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتچىلىك ۋە مەمۇرىي

سىستېمىلارنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى نازارەتچىلىك دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس؛ ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى، قانۇن نازارەتچىلىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى قاتارلىق تاشقى نازارەت مېخانىزمىمۇ مۇكەممەل ئەمەس. مەسىلەن: ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنلاردا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ۋاستىسى كەم بولغاچقا، ماھىيەتتە نازارەتچىلىك قىلىش ئەمەلىيلەشمىدى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان كونكرېت دېلولار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشقا توغرا كەلسە، بولۇپمۇ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش فۇنكسىيەسىگە ئىگە، شۇنىڭدەك يەرلىك ھۆكۈمەت قاتلىمىدا بولمىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىشى تەس.

مېنىڭچە، چىقىرىلىدىغان قانۇننىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، «چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇنغا زىت بولغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولغان، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرى قاتارلىق خەلقئارالىق قائىدىلەر بىلەن ئورتاقلىشىش تەس بولغان ئالاقىدار قانۇن، نىزام، قائىدىلەرگە تېزدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى ئۇنى بىكار قىلىش لازىم.

مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىرلەشمە قانۇن ئىجرا قىلىش تارمىقىنى تەسىس قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش بىلەن چارە كۆرۈش قارارى چىقىرىشنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. يەنى، بىرلەشمە قانۇن ئىجرا قىلىش تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدىن نورمال نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىشقا مەسئۇل بولۇشى؛ ئالاقىدار مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارمىقى چارە كۆرۈپ قارار چىقىرىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ھۆكۈمەت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش، مالىيىدە ئاشكارا بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم؛ ئەلالىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاشتىن ئىبارەت ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىدارلىقلار ئىشلەيدىغان، ئوتتۇرىدىكىلەر يول بېرىدىغان، ئىقتىدارسىزلار چۈشىدىغان ھالەتنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، لاياقەتسىزلەرنى قەتئىي ئىشتىن بوشىتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ ساپاسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنىدىكىلەرنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل قوشۇننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(«**خەلق گېزىتى**»نىڭ **2001** ـ يىل **4** ـ ئاينىڭ **11** ـ كۈنىدىكى سانىدىن   **ئابدۇۋەلى مامۇت** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى تۇرغۇزۇش جەريانى

چېن سىشى، ليۇ سۇڭشەن

قۇراللىق كۈچلەر دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ توپ چوڭ قانۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بەلگىلەپ، ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تۇرغۇزۇش — دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تەشكىللەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەم دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش جەريانىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇردى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەتنىڭ قۇراللىق كۈچىگە ئايلاندى. پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بىۋاسىتە ۋە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنى تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى. بۇ نۇقتىدا بۇرۇنمۇ تەۋرەنمىگەنىدۇق، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئاساسىي قانۇندا ئارمىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى قانداقسىگە ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش بىز ئۈزۈندىن بۇيان دۇچ كەلگەن مۇھىم ۋە مۇرەككەپ مەسىلە ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇنغا بىرنەچچە قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدا قۇراللىق كۈچلەر ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى ھەققىدىكى بەلگىلىمە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

## 1

1949 ـ يىلى كومپارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش ئۈچۈن جۇئېنلەي، دۇڭ بىۋۇ قاتارلىقلار سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى قاتارلىق ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاشقا رىياسەتچىلىك قىلدى. لايىھە تەييارلاش جەريانىدا كۆپچىلىك قىزغىن مۇزاكىرە قىلغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى يېڭى جۇڭگودا قانداق ھەربىي تۈزۈمنى قوللىنىش ئىدى. كۆپچىلىك بىردەك يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى خەلق ئارمىيىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مىللىتارىستلار بۆلۈنمىچىلىكىنىڭ قالدۇق تەسىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، يېڭىچە خەلق ئارمىيىسى قۇرۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى ۋە شۇنداق بېكىتتى. بۇ ئارمىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى يەرلىكتە قۇراللىق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرماسلىق، يېڭى دېموكراتىك ئىدىيە بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى قىسىملارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش بولۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتى ئارمىيىنىڭ روھى قىلىنغان ئىدى. سىياسىي كېڭەش ئورتاق پروگراممىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزدە بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە قۇرۇلۇپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار

كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىس، بىرنەچچە مۇئاۋىن رەئىس ۋە ئەزالاردىن تەركىب تاپتى. ئارمىيىدە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، پىدائىي ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تىنچ يىللاردا ئارمىيە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدىغان بولدى. ماۋزېدۇڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا يەنە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ۋە مۇئاۋىن باش قوماندانلىرىنى، باش شتاب باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقلىرىنى، باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇڭا، 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، باش شتاب باشلىقى ۋە باش سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىقلارنى تەيىنلەشنى قارار قىلغان، كېيىن داۋاملىق تۈردە ئايرىم ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىغان. يۇقىرىقىلار دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا ئېلىمىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، ئارمىيىنىڭ دۆلەتلىشىشكە ۋە قانۇنچىلىقا قاراپ قەدەم تاشلىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئارقىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇدې، پېڭ دېخۇەي مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئاجايىپ ئۇتۇقلۇق ھالدا بىر يۈرۈش ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ۋە خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يېڭى ئاساسىي قانۇندا دۆلەت ھەربىي تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېكىتىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلىدى. 1954 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى، دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئاساستا مەركىزىي دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلدى. «ئاساسىي قانۇن»نىڭ 20 ـ ماددىسىدا: خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلەندى يەنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە قوراللىق كۈچلەر خەلققە مەنسۇپ»، «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئىنقىلابى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش»، 42 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەيدۇ»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر تۈپ قانۇن شەكلىدە ئارمىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى ئورنىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ماھىيەتتە ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقى دۆلەتكە تەۋە بولىدىغانلىقى، ھەربىي ھوقۇقنى يۈرگۈزگۈچى ئورگان دۆلەت تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىغا بويسۇنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى دۆلەت بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن قوراللىق قىسىملارنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بېكىتىش بىلەن بىرگە، يەنە گوۋۇيۈەننىڭ «قوراللىق قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ»غانلىقىنى بېكىتىپ، قوراللىق قىسىملار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە رەھبەرلىك قىلىش دۆلەت مەمۇرىي ھوقۇقىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق قوراللىق قىسىملار قۇرۇلۇشى دۆلەت-

نىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى.

1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت ھەربىي تۈزۈمى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىدى. بولۇپمۇ مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەتئىي ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قوراللىق قىسىملارنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قۇرۇلۇشىنى دۆلەت تۈزۈم سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئارمىيىنىڭ دۆلەتلىشىشى ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ئۈچۈن يوللىنىشنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمما، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ئۇچىغا چىققان «سول»چىل لۇشيەن يۈرگۈزۈلۈپ، پارتىيىنىڭ بىر قولتۇتۇپلۇق رەھبەرلىكى ھەددىدىن زىيادە كۈچەيتىۋېتىلگەنلىكتىن، دۆلەت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئارىسىدىكى توغرا ئىش تەقسىماتى زور دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ دۆلەتلىشىشى ۋە قانۇنچىلىق يولىدا مېڭىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. 1975 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن ئۇچىغا چىققان «سول»چىل لۇشيەننىڭ مەھسۇلى. بۇ ئاساسىي قانۇندا قوراللىق كۈچلەر دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى دېيىلگەن بەلگىلىمە يوق. ئۇنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان، قوراللىق كۈچلەرنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ تەشكىللىنىشى ھەمدە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىمۇ مۇكەممەلرەك بەلگىلىمە يوق. پەقەت ئومۇمىي پروگرامما قىسمىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار پەرزەنت ئەسكەرلىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئەڭ ئالىي دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن قوراللىق كۈچلەر تۈپ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە پۈتكۈل دۆلەت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ سىرتىدا يۈرگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇچىغا چىققان «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، 1978 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا بۇرۇنقىدەكلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار پەرزەنت ئەسكەرلىرى»، قوراللىق قىسىملار «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ» دەپ بەلگىلىنىپ، قوراللىق قىسىملارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنى ئېنىق بېكىتىلمەدى.

## 2

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىگە ئايلاندى. بۇ تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇنغا ئۆزگىرىش ۋە زور تۈزىتىش كىرگۈزۈش زۆرۈر ئىدى. 1982 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلدى. دۆلەت تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ھەربىي تۈزۈمنى ئاساسىي قانۇندا قانداق ئىپادىلەش باشتىن ئاخىر ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان نازۇك مەسىلە ئىدى. شۇنداقلا ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى تەييارلاشقا قاتناشقانلار ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى قىزغىن تالىشىۋاتقان ئىش ئىدى. ئۇزۇن مۇددەت مۇزاكىرە ۋە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئاساسىي قانۇننىڭ «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى» قىسمىدا دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى خېلى ئېنىق ۋە ئىلمىي ھالدا بېكىتىلدى. بۇ پارتىيە، ئارمىيە ۋە پۈتكۈل خەلق ئاممىسى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا قولغا كەلتۈرگەن توغرا تاللىشى ئىدى.

1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتىنى قۇرۇش تەكلىپىنى سۇنغاندىن تارتىپ 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئا-

ساسىي قانۇن لايىھىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ۋە مۇزا-
كىرە نۇسخىسىنى تەييارلاش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇنغا تۈ-
زىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسى كۆپ
قېتىم ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر مەركەزنىڭ
مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنى تەكلىپ
قىلىپ سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى ھەمدە جايلارغا ئۇۋە-
تۇرۇش تارقىتىپ، 1978 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ
«دۆلەت ئاپپاراتلىرى» قىسمىنى تۈزىتىشكە قارىتا كەڭ
كۆلەمدە پىكىر توپلىدى. ھەرقايسى تەرەپتىكىلەر بىردەك
دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش
ئۈچۈن پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر
تەرەپ قىلىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋېتىش، قو-
راللىق قىسىملارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى بېكىتىش زۆرۈر،
دەپ ھېسابلىدى. ئۇنداقتا، دۆلەت تۈزۈلمىسىدە قوراللىق
قىسىملارغا كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ؟ ئەينى چاغدا بىرلىككە
كەلگەن پىكىر دۆلەت رەئىسى قوراللىق قىسىملارنىڭ ئالىي
قوماندانى بولۇش ئىدى. كۆپچىلىك 1954 ـ يىلدىكى ئاسا-
سىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت رەئىسى قوراللىق قى-
سىملارغا قوماندانلىق قىلىش مۇۋاپىق ئىكەن، كېيىنكى
ئىككى ئاساسىي قانۇن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇر-
مۇشى قاتمال ۋەزىيەتتە تۈزۈلگەن، دۆلەت رەئىسىنى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى
قوراللىق قىسىملارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان قىلىپ بېكى-
تىش پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قالايمىقان-
لاشتۇرىۋەتتى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار 1954 ـ يىلدىكى ئا-
ساسىي قانۇن دۆلەت رەئىسى ئورنىنى تەسىس قىلىشنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، دۆلەت رەئىسى چەت
ئەللەرگە قارىتا دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۆلەت ئىچىگە
قارىتا قوراللىق قىسىملارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، دەپ بەل-
گىلەشنى تەشەببۇس قىلىشتى. ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈش كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسى ئەينى چاغدىكى
ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەلىپىگە ئاساسەن،
ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنىڭ
مۇزاكىرە نۇسخىسىغا مۇنداق يازدى: «دۆلەت رەئىسى پۈتۈن
مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ،
دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەيدۇ؛ دۆ-
لەت رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دا-
ئىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن دۆلەت مۇداپىئە
كومىتېتىنىڭ رەئىسلىرى، ئەزالىرى ۋە خەلق ئازادلىق ئار-
مىيىسى ئۈچ باش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋەزىپىگە تە-
يىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ؛ گوۋۇيۈەن قوراللىق
قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ».

يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر ئاساسەن 1954 ـ يىلدىكى ئا-
ساسىي قانۇندىكى ھەربىي تۈزۈمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈ-
شى ئىدى. كاتىبات باشقارمىسىدىكى يولداشلار دۆلەت رە-
ئىسى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ دەپ بەل-
گىلەش بىلەن بىرگە، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنى تەسىس
قىلىش كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق،
بۇنىڭغا پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار قاتناشسىمۇ بولىدۇ، دەپ
قاراپ، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنى ساقلاپ قالدى. 1954 ـ
يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى،
دۆلەت رەئىسىنىڭ ئورنى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىدە-
غانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇزاكىرە نۇسخىسىدا ئېنىق قى-
لىپ دۆلەت رەئىسى «ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشمايدۇ،
مەمۇرىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ» دەپ بەلگىلىدى،
ئەمما پىكىر ئېلىش جەريانىدا بىر قىسىم يولداشلار يۇقى-
رىقىلارغا قارىتا ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. بەزىلەر دۆلەت رەئىسى «پۈتۈن مەملىكەتتىكى قورال-
لىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ»غان تۇرۇقلۇق «ھۆ-
كۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشمايدۇ، مەمۇرىي مەسئۇلىيەتنى
ئۈستىگە ئالمايدۇ»كەن، ھۆكۈمەت قوراللىق كۈچلەرنىڭ
قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىكەن، ئۇنداقتا دۆلەت رەئىسى
باش قوماندانلىق ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزىدۇ، دېيىشتى.
بەزىلەر دۆلەت رەئىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلاشمىسا،
پارتىيە رەئىسى ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلمىسا، ناۋادا كەل-
گۈسىدە ئۇرۇش پارتلاپ قالسا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە
بىرلىكتە ھەرىكەت قىلالامدۇ، دېيىشتى. بەزىلەر تەۋەنىدە
مۇناسىپ ئورگان بولمىسا، دۆلەت رەئىسى پۈتۈن مەملى-
كەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قانداق قوماندانلىق قىلالايدۇ،
دېيىشتى. بەزىلەر دۆلەت رەئىسىنىڭ ئورنى بەك يۇقىرى

ھەم ئۈچ خىل ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈسا، ئۇنى قانداقسىگە ياخشى نازارەت قىلغىلى بولىدۇ، بەزى-لەرنىڭ ئارمىيىنى قوزغاپ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى-دىن قانداق ساقلانغىلى بولىدۇ، دېيىشتى. بەزىلەر 1954 ــ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن بويىچە قۇرۇلغان دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق رول ئوينىيالمىغان تۇر-سا، يەنە تەسىس قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، دېيىشتى.

يۇقىرىقى پىكىرلەر تولىمۇ ئۆتكۈر ۋە ئەمەلىي بولۇپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەر 1954 ــ يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت ھەربىي تۈزۈمى توغرى-سىدىكى بەلگىلىمىسى ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتقا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلۇقىنى، ئەمما دەۋرنىڭ ئۆزگى-رىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيانقى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، 1980 ــ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قارارىنى چىقارغاندا، بىر قىسىم ئاما ئاساسىي قانۇنغا تۈ-زىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسىغا خەت يېزىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى دۆلەتكە قوشۇپ، دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتې-تىنى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئاساسىي قانۇن لايى-ھىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا بەزىلەر دۆلەت مۇداپىئە كومى-تېتى قۇرۇش زۆرۈر بولسا، ئۇنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، دۆلەت تۈزۈلمىسىدە دۆلەت مۇ-داپىئە كومىتېتى دەپ ئاتاش تەكلىپىنى بەردى. 1982 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 11 ــ كۈنى ئېچىلغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتىنىڭ 2 ــ قېتىملىق يىغىنى ۋە 12 ــ كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھىسى (مۇزاكىرە نۇسخىسى) سۆھبەت يىغىنىدا چېك سىيۇەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى دۆلەت ئاپپاراتى قىلىپ، دۆلەت رەئىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆت-ەش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ ئۆزۈنىغىچە ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈچ تەكپۈكلۈقنى، يەنى ھەربىي ئىشلار بىلەن سىياسىينىڭ تەكپۈكلۈقىنى، قانۇن چىقىرىش بىلەن مەمۇرىيەتنىڭ تەكپۈكلۈقىنى، ھەربىي مەمۇرىيەت بىلەن ھەربىي بۇيرۇق-نىڭ تەكپۈكلۈقىنى ساقلاش زۆرۈر. دۆلەت مۇداپىئە مى-نىستىرلىكى بىلەن ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەربىي مەمۇرىيەت بىلەن ھەربىي بۇيرۇقنىڭ مۇناسىۋىتى-دۇر. ھەربىي مەمۇرىيەت ھەربىي مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ يۈر-گۈزۈلۈشى، ھەربىي بۇيرۇق ھەربىي باش قوماندانلىق ھو-قۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، ھەربىي مەمۇرىيەت بىلەن ھەربىي بۇيرۇق ئايرىۋېتىلىشى كېرەك.

3

بىر يىلدىن ئارتۇقراق كەڭ كۆلەمدە مۇزاكىرە قىلىش ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق 1982 ــ يىلى باھاردا مەركەز كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق تەدبىر بەلگىلىدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى (دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى) تەسىس قىلىندۇ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدۇ ۋە قالدۇرۇلىدۇ، ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كو-مىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ؛ گوۋۇيۈەن قوراللىق كۈچ-لەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ زور تەدبىر ئا-ساسىي قانۇندا قانداق ھەربىي تۈزۈمنى قوللىنىشقا يۆنى-لىشنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە 1982 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ بېشىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلدى. مەركەز يەنە بۇ تەدبىرنى خەلق ئاممىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتى ۋە

تەجرىبىلىرىنى توپلىماقچى بولدى. نېمە ئۈچۈن يوقىرىقى تەدبىر چىقىرىلدى؟ يولداش پېڭ جېن 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنىدا بەرگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھات»تا، بۇنداق قىلىنغاندا «ئارمىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشى ۋە مۇنتىزىملىشىشىنى كۈچەيتكىلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۆۋەتتىكى مۇقىمسىز دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىنى ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ پىكىر بېرىشىگە سۇندى. مەركەز بۇ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يولداش پېڭ جېننىڭ «ئىزاھات»ى ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى تارتتى. بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق نۇرغۇن چەت ئەللىك مۇخبىرلار تۇرلۇك ئۇسۇلدا مۇنداق سوراشتى: نېمە ئۈچۈن ئەسلىدىكى رەئىس قۇراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان تۈزۈم ھەربىي كومىتېت رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى؟ يېڭىدىن تەسىس قىلىنىغان دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلسا، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قانداق قىلىدۇ؟ دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن پارتىيە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ دۇنياغا بۇ تەدبىرنىڭ چىقىرىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مەخسۇس مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. خۇچياۋمۇ، خۇشېڭ، ۋاڭ خەنبىن قاتارلىقلار چەت ئەل مۇخبىرلىرىغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ ئورىگىنالىنى تەييارلىدى ۋە تەستىقلىدى.

دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى تەسىس قىلىشنىڭ ئارمىيە ئىچىدە زور داۋالغۇش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مەركەز ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدى. نۇرغۇن يولداشلاردا تۈرلۈك گۇمان ۋە ئۇقۇشماسلىقلار تۇغۇلغان، ئۇلار دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى تەسىس قىلىش پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى ئۆزگەرتىشتىن دېرەك بېرەمدۇ نېمە، دەپ ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا، ئارمىيىگە تېززەك بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىش زۆرۈر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئارمىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبىرىي يولداشلار ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنىڭ مۇزاكىرە نۇسخىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئارمىيە تۈزۈمى ھەققىدىكى بەلگىلىمە بۇرۇنقى ئاساسىي قانۇندىكىدىن زور پەرقلىنىدۇ، شۇڭا ئارمىيە ئىچىدە ئىزاھات خاراكتېرلىك ھۆججەت تارقىتىپ، پۈتكۈل ئارمىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش زۆرۈر، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا مەركەزنىڭ قارارى بويىچە تېزلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدا پۈتكۈل ئارمىيىگە «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىپ، قاتلاممۇ قاتلام يەتكۈزۈلدى ۋە چۈشەنچە بېرىلدى.

ئەينى چاغدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان يولداش پېڭ جېن بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ سىناق نۇسخىسىنى ئۆزى تەييارلىغانىدى. ئۇقتۇرۇشتا ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ ئارمىيىگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى «ئېلىمىز دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى يېڭى مۇھىم بەلگىلىمە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن چىقارغان مۇھىم تەدبىر» دەپ تەكىتلىنىپ، ئارمىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر شەرھلەندى، ئارمىيىدىكى يولداشلارنىڭ تۈرلۈك گۇمان ۋە ئەنسىرىشكە جاۋاب بېرىلدى. نېمە ئۈچۈن ئارمىيە دۆلەت تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ؟ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: ئېلىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. پارتىيىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆ-

لەتنىگمۇ ئارمىيىسى، بۇنىڭ ھېچقانداق زىددىيەتلىك يېرى يوق. شۇڭا، دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى بولغان ئاساسىي قانۇندا ئارمىيىنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى بېكىتىش ھەقلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1978 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇندىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىدە ئارمىيە بىلەن ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىلىق توختالمىغان، نېمە ئۈچۈن دۆلەت رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلمايدۇ؟ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە ئەينى دەۋرگە ئۇيغۇن ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا دۆلەت رەئىسى پارتىيە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەيتتى. ئەمما يىراقنى نەزەرگە سالساق، بىر كىشىنىڭ بۇ ئىككى ۋەزىپىنى ئۆتىشى مۇتلەق ئەمەس. ناۋادا 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىش قىلساق، ئەمەلىي خىزمەتكە زور تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى تەسىس قىلىش پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ياق. دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەربىي ئىشلار رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارمىيىگە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەمدە پارتىيە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق دۆلەت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ھەربىي كومىتېت ئەمەلىيەتتە «ئىككى خىل نامدىكى بىر ئورگان» بولۇپ ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىش قولايلىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئارمىيىمىز ئۆزۈندىن بۇيان قوللانغان سىياسىي خىزمەت تۈزۈملىرىدە، مەسىلەن پارتكوم تۈزۈمى، سىياسىي كومىسسار تۈزۈمى، پارتىيە ئارمىيە ئىچىدە سىياسىي ئورگان ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى قۇرۇپ سىياسىي خىزمەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى قاتارلىقلاردا چىڭ تۇرۇلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكىگە تەشكىلىي ۋە تۈزۈم جەھەتتىن تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىندى. مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەھبەرلىك قىلامدۇ ياكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسىمۇ؟ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدا رەئىس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى، يەنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. گوۋۇيۈەن قوراللىق كۈچلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا قانداق رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەم مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: گوۋۇيۈەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنى قۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىدىن باشقا دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى، دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى، خىراجىتى، شتاتى، قورال ـ جابدۇقلىرى، ياردەم، مەشىق ۋە ھەربىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي مەمۇرىيەت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ خىزمەتلىرى ئەمەلىيەتتە پارتىيە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: بۇنداق ھەربىي ئىشلار رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغاندا پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە دۆلەت ماشىنىلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىپ، ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى كۈچەيتكىلى، ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، زامانىۋىلىشىشى ۋە مۇنتىزىملىشىشىنى كۈچەيتكىلى، زۆرۈر پەيتلەردە ئارمىيىمىزنى چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش ۋاقتىدىكى رەھبەرلىك ھالىتىگە ئۆتكۈزگىلى، توساتتىن يۈز بەرگەن

ھەرقانداق قىلمىشلارغا تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا پايدىلىق.

ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشى پۈتۈن ئارمىيىدە تېزلىكتە يەتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك لايىھىنى مۇزاكىرە قىلىش بىلەن ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇنداق دەپ قارىدى: يېڭى تارىخىي دەۋردە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى دېگەن ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، ئارمىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز زۆرۈر؛ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىدىكى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمى توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمە ھەرگىزمۇ پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، شۇنداقلا ئارمىيىنىڭ «تۆۋەنلىتىۋېتىلگەنلىكى» ئەمەس، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ دەۋرگە ماسلاشقانلىقى ۋە زور ئىسلاھ قىلىنغانلىقى بولۇپ، ئارمىيىنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق يولىدا ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، پۈتۈن ئارمىيە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتىدى. مۇزاكىرە داۋامىدا بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرىقى مەسىلىگە قارىتا ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن قىممىتى بار ياكى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكى يوشۇرماستىن ئېنىقراق يېزىلسا، مەسىلەن، پارتىيە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، دەپ مۇقەددىمە ياكى باشقا جايلاردا ئېنىقراق يېزىلسا، دېيىشتى. بەزىلەر ئاساسىي قانۇندا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىپلا قالماي، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەركىب تېپىشى ھەققىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك، دېيىشتى. بەزىلەر ھەربىي كۈچلەر ئالاھىدە بولغاچقا، كەلگۈسىنى كۆزلەپ رەئىسنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش چېكىنى بەلگىلەش كېرەك، دېيىشتى. بەزىلەر ئاساسىي قانۇندا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى كېرەك دەپ بەلگىلىمە چىقىرىش لازىم، دېيىشتى. بەزىلەر ئاساسىي قانۇندا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا چېتىشلىق ماددىلار ئازراقكەن، مەزمۇنىمۇ مۇرەككەپ ئەمەسكەن، شۇڭا ئايرىم بىر پاراگراف قىلىنمىسىمۇ بولىدۇ، دېيىشتى. بەزىلەر مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىشى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ دەپ ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك، دېيىشتى. بەزىلەر قوراللىق كۈچلەرگە «رەھبەرلىك قىلىش» بىلەن «قوماندانلىق قىلىش»نىڭ قانداق پەرقى بار، دېيىشتى ... ... تۈزىتىش پىكىرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنىڭ «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى» پاراگرافىدىكى مەزمۇنلار نەچچە ئون قېتىم ئۆزگەرتىلدى.

4 ئاي داۋاملاشقان مۇزاكىرە جەريانىدا، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكى سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك، ئەمەلىيەتتىكى رەھبەرلىك، ئاساسىي قانۇننىڭ مۇقەددىمىسىدە يېزىلغان پارتىيىنىڭ دۆلەتتىكى رەھبەرلىكى ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنە ئايرىم ماددىلاردا بېكىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەچكە، ۋاكالەت مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئوخشاش، ھەر قارارى بەش يىل بولىدۇ، ئەمما ھەربىي ئىشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

سەۋەبلىك، ئاساسىي قانۇندا ھەربىي كومىتېت رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىگە چەك قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس: مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. ئەمما ھەربىي قىلمىشلار دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە چېتىلغاچقا، خىزمەتتىن دوكلات بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس؛ ئالدىنقى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنلاردا قوراللىق كۈچلەرگە «قوماندانلىق قىلىش» دېيىلگەن. «رەھبەرلىك قىلىش»نىڭ مەنا دائىرىسى كەڭ بولۇپ، «قوماندانلىق قىلىش»نى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا قوراللىق كۈچلەرگە «رەھبەرلىك قىلىدۇ» دەپ ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق. «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى»نى ئايرىم پاراگراف قىلىش ـ قىلماسلىق ۋە «مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىشى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ ئاساسىي قانۇنغا يېزىش ـ يازماسلىق توغرىسىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى كاتىبات باشقارمىسى تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىدى: مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايرىم پاراگراف سۈپىتىدە يېزىلمىسا؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بەس ـ بەستە ھەر خىل پىكىرلەرنى قىلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزگە سىياسىي جەھەتتىن پايدىسىز. شۇڭا ئايرىم پاراگراف سۈپىتىدە قالدۇرۇلۇشى لازىم؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئۈچۈن تەشكىلىي قانۇن تۈزۈش ئىشى تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلە، ۋاقتىنچە بېكىتىش قىيىن، ئەمما ھەرقايسى دۆلەت ئاپپاراتلىرى توغرىسىدىكى تارقاق بەلگىلىمىلەرنى يىغىنچاقلاپ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دېـەك، كەلگۈسىدە ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىس، بىرنەچچە مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە بىرقانچە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىش لازىم. 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يولداش پېڭ جېن يولداش خۇياۋباڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭغا خەت يېزىپ يۇقىرىقى بىرنەچچە قارارنى مەلۇم قىلدى. كېيىنكى مۇزاكىرىلەردە بەزىلىرىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولدى.

يۇقىرىقىدەك مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە، ئارمىيە ۋە خەلق ئاممىسى قانداق ھەربىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇش توغرىلىق ئورتاق تونۇشقا كەلدى. 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنى ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇن كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى ئورتاق تونۇشىنى ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈردى. يولداش پېڭ جېن ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىگە بەرگەن ئىزاھاتىدا، ئېلىمىزنىڭ ھەربىي تۈزۈمى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەن، دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا ئارمىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئورنى لايىقىدا بېكىتىلدى. ئۇ يەنە دۆلەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. 17 يىلدىن بۇيانقى ئېلىمىز قوراللىق كۈچلىرىنىڭ رەھبەرلىك ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى ھەربىي تۈزۈم تېخىمۇ ساغلاملىشىشى ۋە مۇكەممەللىشى زۆرۈر بولسىمۇ، ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن ئاساسىدا دۆلەتلىشىشى، دېموكراتىيىلىشىشى ۋە قانۇنچىلىق يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر يۈزلىنىشتۇر.

(**«قانۇنشۇناسلىق ئىلمى»** ژۇرنىلىنىڭ **2001** ـ يىل **2** ـ سانىدىن **قۇربان سەمەت** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# ئاققۇنلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

رىزۋانگۈل بارات

80 ـ يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زور تۈركۈم ئوتتۇرا، غەرب رايونلاردىكى ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرى خۇددىي توسۇۋالغۇسىز كەلكۈندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلارغا ئېقىپ كىرىپ، غايەت زور خەلق ئىشچىلىرى دولقۇنىغا ئايلاندى. ئاققۇنلارنىڭ پەيدا بولۇشى شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە كەڭ يېزىلاردىكى ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچۈن كەڭ ئىش ئورنى پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى.

دۆلىتىمىز سانائەتلىشىش، شەھەرلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىنىڭ 80% ىنى ئىگىلەيدىغان يېزا ئاھالىسى ئارىسىدىكى ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەرلەرگە، تەرەققىياتى ئالدىدا كېتىۋاتقان رايونلارغا ئېقىشى چەكلەنگىلى بولمايدىغان بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. بۇ تەرەپنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمما ئاققۇنلارنىڭ تەرتىپسىز ئېقىشى، ئېقىپ كىرگەن رايوننىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ۋە يېڭى مەسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ ئاققۇنلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلار تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش»تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى شىنجاڭغا ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆپ ئاققۇنلارنى جەلپ قىلدى. بازار ئىگىلىكى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئاققۇنلار مەسىلىسىگە توغرا پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىۋاتقان ئىجابىي تەسىرىنى ياخشى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپكە كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەرىپىنىمۇ ياخشى ھەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنچ، ئىتتىپاق ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ يارىتىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۆۋەتتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

## 1. ئاققۇنلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئاققۇنلار ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشى ئاستىدا رېتىملىق، تەرتىپلىك ھالدا بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاقسا بولاتتى. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغان ۋاقتى قىسقا، رايونلار ئارا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتى چەكلىك، ئېقىش ئەھۋالىمۇ قارىغۇلارچە بولغاچقا، ئۇلار ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. *(1) مەنتىقىسىنى ئىگىلىمەك تەس بولدى.* ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشقانلارغا نىسبەتەن ھەر يىلى 1 ـ 2 قېتىم تەكشۈرۈپ تەرتىپكە

34

سېلىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاققۇنلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېنىقلىمەك ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. *(2) ئاساسىي ئەھۋالنى ئېنىقلىمەك تەسكە توختىمىدى.* چ خ ئورگانلىرىنىڭ باشقا رايونلارغا بىر قىسىم ئاققۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خەت ـ ئالاقىلىرىنىڭ ئالاقە قايتۇرۇش نىسبىتى %10 كىمۇ يەتمەيدۇ. *(3) ئەمەلىي باشقۇرۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغۇلدى.* ھۆكۈمەتنىڭ چىقارغان «ھەر يىلى چاغاننىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر ئاي ئىچىدە خەلق ئىشچىلىرىنى ئىشلەتمەسلىك» دېگەن بەلگىلىمىسىنىڭ چوڭ كارخانىلارغا مەلۇم چەكلەش كۈچى بولسىمۇ، لېكىن كىچىك ئورۇنلارغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. *(4) پائالىيەت ئېنىقلىمەك قىيىنغا توختىدى.* خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى، يايدىغان يېرى ۋە باشقا پائالىيىتىدە مۇئەييەن تەرتىپ يوق. *(5) قانۇنىي ئىجرا قىلىش تەس بولدى.* ئاققۇنلارنىڭ ئېقىپ چىققان ئورنى بىلەن كىرگەن ئورنىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىق باشقۇرۇشىدا بوشلۇق مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن قانۇنىي ئىجرا قىلىش ناھايىتى تەس بولدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاققۇنلارنىڭ تەرتىپسىز ئېقىشى دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مىسلىسىز زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

1) ئاققۇنلارنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش شەكلى چ خ ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇشتىكى كونتروللۇقىنى مەلۇم دەرىجە يوقىتىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. ئاققۇنلارنىڭ سىرتتىكى ئۇلتۇراقلىشىش شەكلىدىن قارىغاندا روشەن «قوش ماكانلىق» ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ دېگەنلىك، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسى بار، شۇنداقلا جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئىككىنچى يۇرتىدىمۇ ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق ئورنى بار. بۇ خىل «قوش ماكانلىق» ئەھۋال بىرىنچىدىن، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ تىزگىنلەش كۈچىنى يوقىتىپ، ئادەم بىلەن نوپۇس ئايرىلىشتەك ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، ئېقىپ چىقىپ كەتكەن ئورۇن باشقۇرالمايدىغان، ئېقىپ كىرگەن ئورۇننىڭ كۆچى يەتمەيدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككىنچىدىن، ئېقىپ چىققان ئورۇن بىلەن كىرگەن ئورۇننىڭ خىزمەت ئالاقىسى بولمىغانلىقتىن، ئاققۇنلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئەھۋالىنى دەل ۋاقتىدا ئىگىلىگىلى بولمىدى. ئاققۇنلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، قانداق شەھەرلەرگە كىرىپ، نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېقىپ چىققان ئورۇندىكى چ خ ئورگانلىرى ناھايىتى ئاز بىلىدۇ. ئېقىپ كىرگەن ئورۇندىكى چ خ ئورگانلىرىمۇ ئېقىپ كەلگەن خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئولتۇراق جايى، تىرىكچىلىكتە تايىنىدىغان ھۈنەرلىرىنىمۇ ئانچە بىلىپ كېتەلمىدى. ئۈچىنچىدىن، ئاققۇنلار ئۆزلىرى قۇراشتۇرۇۋالغان «كەپە»لەردە ئولتۇراقلاشقاچقا، كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «كەپە»لەردىكى ئاققۇنلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى زىچ، تازىلىق ۋە باشقا شارائىتلىرى ناچار بولغاچقا، شەھەر مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزگەندىن سىرت، باشقۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن: شەھەر ئەتراپى ياكى چەت ياقىلارغا «كەپە» تىكىپ ئولتۇراقلىشىۋالغانلارنىڭ بەزىلىرى جىسمانىي كۈچىنى سېتىپ ياشايدىغانلار ياكى ئاز ـ تولا ھۈنىرى بىلەن جان باقىدىغانلار، بەزىلىرى ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىدىغانلار، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار، يەنە بەزىلىرى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدىن قېچىپ «كەپە»دە ئوغۇل تۇغمىغىچە ھەرگىز توختىمايدىغانلار ھەتتا زەھەرلىك چېكىملىك ۋە باشقا قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

2) ئاققۇنلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى مۇقىم بولمىغاچقا، ئۇلارنى تەشكىللىي جەھەتتىن باشقۇرۇش نۇرغۇن زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاققۇنلار مەيلى دېھقان ياكى ئۇقۇغۇچى بولسۇن، ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىدا مەلۇم ئىجتىمائىي روللارنى ئويناپ مەلۇم تەشكىللىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئورۇندا ئىشلەتكۈچى بىلەن ئىشلىگۈچى ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئەمگەك مۇنا-

سۇئىستىلا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ هوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغدىشى يېتەرلىك بولالمايدۇ. خوجايىنغا يارىماي قالسىلا، دەرهال ئىشتىن بوشىتىلىدۇ. ئىشلەمچىمۇ خالىغان ۋاقىتتا كېتەلەيدۇ. ئىشتىن سىرتقى پائالىيىتى ئىختىيارىي ھەم چېچىلاڭغۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك شەكلى خەلق ئىشچىلىرىنىڭ خۇسۇسىي پائالىيەتلىرىدە تۇرغۇنلىغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاققۇنلار ئارىسىدىكى بىرقەدەر ياش، ئىدىيىسى تۇراقسىز، پسىخكىسى بەرداشسىز ۋە ماسلىششچانلىقى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەزىبىر زەربىلەرگە چىدىماي ئېزىشىنى، ھەتتا يولدىن چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز دەۋاتقان ئاققۇنلارنىڭ زور كۆپ قىسمى سادىدا، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار بولۇپ، جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىش مۇددىئاسى يوق. «ئېقىش» ئىختىيارىي بولغىنى بىلەن جىنايەت مەقسىتى يوق. ئۇلار يۇرتلىرىدىن تۇرغۇن پۇل تېپىش ئىستىكى بىلەن چىقىپ مۇۋاپىق ئىش تاپالماي، پۇللىرى تۈگەپ، ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغاندا، بەزىلىرى جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ. مەسىلەن: مەممەت بىلەن سەمەت ئۈرۈمچىدە پۇل تېپىش ئاسانكەن دېگەننى ئاڭلاپ ئاقسۇدىن چىققان. مۇۋاپىق ئىش تاپالماي، بىرقانچە كۈن يۈرۈپ، پۇللىرى تۈگەپ كەتكەچكە، نائىلاج بىر كىشىدىن پۇل سورىغان، ھېلىقى كىشى: «مەندىن پۇل سورىغىچە شۇ بەستىڭ بىلەن بىرەرسىنى بۇلىساڭ بولمامدۇ» دەپ تىللىغان. نەتىجىدە بۇ ئىككى ياش خۇددى ياخشى ئەقىل تاپقاندەك بىر سودا بازىرى ئالدىدا ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلغان. ئۇلار ئاران 150 يۈەن بۇلاش بەدىلىگە 4 ـ 5 يىللىق تۈرمىدە يېتىشقا مەجبۇر بولغان. يەنە، سىچۈەندىن كەلگەن مەدىكارلار بىر بالىنى ئۆي بېزەش ئۈچۈن ياغاچچىلىققا شاگىرت قىلىپ ياللىۋالغان. ئۇستىلىرى ئۇنىڭغا قورسىقىنى باققاندىن باشقا پۇل بەرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرتىدىكى ئانىسى ئاغرىپ قالغان خەۋەر بۇ شاگىرتقا ناھايىتى چوڭ روھىي بېسىم بولغاچقا، ئىلاجسىزلىقتىن ئۇ بېزەۋاتقان ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى كۆپەيتىپ ياسىتىۋېلىپ، ئىش تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆيدە ئادەم يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىپ، 600 يۈەن نەق پۇل ۋە يانفون، ئالتۇن قاتارلىق بۇيۇملار بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ يۈەن قىممەتلىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ، بۇ ئۆيگە ئېغىر زىيان سالغان. ئۆي ئىگىسى ئىشلەمچىلەردىن گۇمان قىلىپ دېلو مەلۇم قىلغاندا، ھېلىقى بالا ئاللىبۇرۇن ئىچكىرىگە كەتكەن؛ يەنە بىر خىللىرى ئاققۇنلار ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەسلىدىلا جىنايەت تارىخى بار جىنايەتچىلەر. ئۇلارنىڭ ئېقىپ يۈرۈشىدە جىنايەت مۇددىئاسى بار. ئېنىقلىنىشىچە، 1990 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ سانى 124 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە تەخمىنەن 2 ھەسسە كۆپىيىپ 245 مىڭ ئادەم قېتىم بولغان.

## 2. ئاققۇنلارنى باشقۇرۇش تەدبىرى توغرىسىدا

1) «ئاققۇنلار قانۇنى»نى چىقىرىپ يولغا قويۇش كېرەك. دۆلىتىمىز بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يىلدىن يىلغا زورىيىۋاتقان ئاققۇنلار قوشۇنى مەسىلىسىنى پەقەت قانۇنىي يولغا باشلاش ئارقىلىقلا ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. غەربتىكى دۆلەتلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققانلارنى باشقۇرۇشتىكى بىرلىككە كەلگەن قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈم ۋە شەرت ـ ئۆلچەملىرى بار. ئۇلار سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، سۆزلەش ئىقتىدارى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە سالامەتلىك ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىدە ئولتۇراق ئۆي، تەربىيىلىنىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدىكەن. شۇڭا غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي تېز تەرەققىي قىلغان. دۆلىتىمىزدە تۈزۈلىدىغان «ئاققۇنلار قانۇنى»غىمۇ ئىلگىرى جىنايەت تارىخىي بارلارنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەك تۆۋەن ياكى باشقا يامان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلارنى قالايمىقان ئېقىشقا يول قويماسلىق ھەققىدىكى ماددىلارنى كىرگۈزۈش كېرەك.

مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇنىي ئۆلچەم بولغاندىلا، ئاققۇنلار مەسىلىسى ياخشى ھەم مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ.

2) يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ئاققۇنلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشى كېرەك. بۇ ئاپپارات ئۆلكە ئاتلاپ چىققان ئاققۇنلارنىڭ ئېقىش سۈرئىتىنى ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشەپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تەڭشەپ ھەل قىلىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئەركىن ئايلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. قەدەممۇ قەدەم ئۇچۇر، مەسلىھەتچى، كەسىپ تونۇشتۇرۇش، كەسپىي تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېما قۇرۇلۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ سىستېما نوپۇس باشقۇرۇشنى ئاساس، ئامانلىق باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا، ئەمگەك مۇلازىمەتنى باشقۇرۇش بىلەن بىللە، باشقا باشقۇرۇشلار ئۆزئارا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. يەنى (1) ئەمگەك تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئىشلىتىش ئورنى بىلەن ئامانلىق مەسئۇلىيەت توختامى تۈزۈش ئارقىلىق ئىشلىتىشنىلا بىلىپ ئادەم بىلەن كارى بولماسلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش؛ (2) سودا تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ تىجارەت قىلغۇچىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق كىنىشكىسى ۋە باشقا ئىناۋەتلىك كىنىشكىلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قانۇنلۇق تىجارەت كىنىشكىسىنى تېز بېجىرىش ئارقىلىق قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ تىجارەت قىلىشنى قالقان قىلىۋېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (3) قۇرۇلۇش باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ سىرتتىن كەلگەن قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ «ئىش باشلاش ئىجازەتنامىسى»نى تەستىقلاشتىن ئىلگىرى بارلىق ئىشچىلارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق نوپۇسىنى تەكشۈرۈپ، مەسئۇلىيەت توختامى ئىمزالاش؛ (4) ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، بارلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنى «ئىجارىگە بېرىش ئىجازەتنامىسى»گە قول قويغۇزۇش ئارقىلىق يوچۇقلارنى توسۇش؛ (5) پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، تۇغۇتنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشنى قولغا كەلتۈرۈش.

3) ئاققۇنلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇشتا تېگىشلىك بارلىق ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاققۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، غۇرۇرى، ھوقۇقى جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىش كېرەك. ئاققۇنلار ئارىسىدىكى قانۇنلۇق كىنىشكىسى يوق، مۇقىم تۇرالغۇسى يوق، كەسپىي يوق تىلەمچىلەرنى ۋە كۆنىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان مېيىپ تىلەمچىلەرنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ ئائىلىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ھامىيسى بېقىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا، ئۇلار ئىچىدىكى بېقىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق قارىمىغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، بېقىش ئىمكانىيىتى يوق ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىرلارنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئارقىلىق بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك. بولۇپمۇ مېيىپلارنى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇش كېرەك. ئاققۇنلار ئارىسىدىكى ئۆسمۈر بالىلار ( تىلەمچىلىك، يانچۇقچىلىق ياكى مايلامچىلىق قىلىۋاتقان)لارنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يىغىپ تەربىيىلەش ياكى ئوقۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ داۋاملىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ساقچى مەكتىپىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

# سىجىل تەرەققىيات ئاتالغۇسى ھەققىدە يۈزەكى قارىشىم




**مەمەت قاسىم**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت، گېزىت، ژۇرناللىرىدا خەلق ئىگىلىكىنى تېز، ساغلام، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇش جەريانىنى بىلىشىمىز مۇھىم.

70 ـ يىللاردىن بۇيان مۇھىت مەسىلىسى رايون خاراكتېرلىك مەسىلىدىن تەدرىجىي دۇنياۋى مەسىلىگە ئايلاندى. خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇھىتنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىپ، نوقۇل ھالدا بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش تېخنىكىسىغا تايانغاندا كەڭ دائىرىلىك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئىقتىسادنىڭ سىجىللىقى، ئېكولوگىيىنىڭ سىجىللىق تەلىپى بويىچە، نوقۇل ھالدىكى ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوغلىشىشتەك ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال ئەندىزىسىنى زور ئىسلاھ قىلىپ، نوپۇسنى تىزگىنلەپ، ھازىر قوللىنىۋاتقان قالاق تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بايلىقنىڭ خورىشىنى ئازايتقاندىلا، ئاندىن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. 87 ـ يىلى ب د ت نىڭ مۇھىت ـ تەرەققىيات كومىتېتى «بىزنىڭ ئورتاق كەلگۈسىمىز» دېگەن ئىسىمدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇپ سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئەندىزىسىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەبىردە «ھەم ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەلەپ ئىقتىدارىنى قانائەتلەندۈرىدىغان تەرەققىياتقا كىرىزىس پەيدا قىلماسلىق» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 92 ـ يىلى «رىئودې ژانېيرو خىتابنامىسى»دا سىجىل تەرەققىياتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش شەكلىدە ساغلام ھەم مول مەنىلىك تۇرمۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ». «ھازىرقى خەلقلەر بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەرەققىيات ۋە مۇھىت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى ئادىل قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېرىشىدىغان تەرەققىيات ھوقۇقى چوقۇم ئەمەلىيلىشىدۇ»، «مۇھىتنى ئاسراش تەرەققىياتنىڭ تەركىبىي قىسمى، بۇ گەۋدىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى دەپ بېكىتىپ «21 ـ ئەسىر كۈن تەرتىپى» ھەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىستراتېگىيە ھەرقايسى

دۆلەتلەر تەرىپىدىن ناھايىتى تېزلا ئېتىراپ قىلىندى. سىجىل تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات ئەندىزىسى بولۇپ، مۇھىت ـ بايلىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ ئادەتتىكى مەنىدە ئېيتىلغان بىر تەرەققىيات جەريانىنىڭ ۋاقىت جەھەتتە داۋاملىق ئايلىنىشىنى، ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىت بىلەن تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكچە كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەرەققىياتنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدىكى مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىت ـ ئىقتىساد ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتۈشى لازىم. سىجىل تەرەققىياتنىڭ يادروسى ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشلا بولماستىن، ھەر خىل ئىقتىسادىي پائالىيەت ھالەتلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك بايلىقنى قوغداش، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىياتىغا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك، تەرەققىياتنى ئۆلچىگەندە ئەنئەنىۋى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممەت كۆرسەتكۈچىنى تەرەققىياتنىڭ بىردىنبىر كۆرسەتكۈچى قىلماستىن، بەلكى جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مۇھىت، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىق ھەر خىل تەرەپلەرنى تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى قىلىشتىن ئىبارەت. سىجىل تەرەققىيات تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىشنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنىڭ مۇھىم مەنبەئىي نامراتلىق ئىكەنلىكىنى، تەرەققىي قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئېكولوگىيىلىك كرىزىسنى ھەل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ماددىي بۇيۇملارغا كېپىللىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇھىت ۋە بايلىقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىت ـ بايلىقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، بايلىق ئاساسى ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولسىلا تەرەققىياتنى سىجىللىقنى ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، مۇھىتقا كېرەكلىك مەبلەغ تېخنىكىسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، مۇھىت ـ بايلىق ئاسراشنى كۈچەيتىش، قايتا ھاسىل بولمايدىغان بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ، تېجەپ ئىشلىتىش، قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىقلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش، مەڭگۈ ئىشلىتىش، بايلىق ۋە مۇھىتتىن كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ پايدىلىنالايدىغان شارائىت قالدۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئىنسانىيەت تەبىئەتنىڭ بىر ئەزالىق بۇرچى بىلەن تەبىئەتكە كۆيۈنۈشى ۋە ئۇنى ئاسرىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈشى لازىم.

(ئاپتور دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇھىت ـ بايلىق ئاسراش كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 5 ـ سانىنىڭ 4 ـ بېتىدىكى ئاستىنقى رامكىنىڭ 2 ـ قۇرىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش ئۆيۈشمىسى نىزامى» دېگەننى «ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى نىزامى» دەپ ئوقۇغايسىلەر.



# خانىم- قىزلىرىمىز قاچانغىچە يەكلىنىدۇ؟



**ئانىقىز ئەزىزى**



مەن بۇ يىل يازلىق تەتىل مەزگىلىدە شىنجاڭ پې-
داگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى
ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش
كۇرسىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئالىي مەلۇماتلىق تۇرۇپ
خوراپاتلىق ئىدىيىسى بويىچە ئىش كۆرىۋاتقان بىر قى-
سىم ياشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كۇرستا كۈنلۈك
ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاپشۇرۇقلار بېرىلىپ
تۇرغاچقا، كەچتە ئىختىيارىي مۇزاكىرە قىلىپ تاپشۇرۇق
ئىشلەيتتۇق. بىر قېتىم تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ قەلەمنىڭ
سىياسى تۈگەپ كېتىپ، كەينىمدىكى ساۋاقداشتىن قە-
لەمنى بېرىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈش نىيىتىدە ئارقامغا قا-
رىدىم. ئۇ ساۋاقداش بىر پارچە سۈرەتنى تۇتۇپ مۆگۈلە-
نىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. «نېمانچە مۆگۈلىنىپ ئولتۇرۇپ
كەتتىڭىز، قولىڭىزدىكى كىملەرنىڭ سۈرىتى» دەپ ئۇ-
نىڭ قولىدىكى سۈرەتنى ئالدىم. سۈرەتتە ساۋاقداش بى-
لەن بىرگە ئايالى بالىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇرغان
كۆرۈنۈش بار ئىكەن، ساۋاقداشنىڭ ئايالى ياغلىقنى بۇ-
ۋىلەردەك ئارتىپ، شىپىڭ دۇخاۋا كۆينەكنىڭ ئىچىگە
تاپىنىنى يېپىپ تۇرغان ئىشتان كىيگەن ئىدى. «ئايا-
لىڭىز بىرەر ھاجىمنىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ. نېمە خىز-
مەت قىلىدۇ؟» دەپ سورىدۇم قىزىققان ھالدا. «ئايالىم-
نىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھاجىم ئەمەس، مەن بىلەن توي
قىلماستا يېزىمىزنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدا
ئىشلەيتتى، ھازىرقىدەك كىيىپ يۈرمەيتتى. توي قىل-
غاندىن كېيىن كىيىنىشىنىمۇ ئۆزگەرتتى. خىزمەتنىمۇ
تاشلاپ ئۆي ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.
مەن ساۋاقداشنىڭ گەپلىرىدىن ئەجەبلىنىپ «ئۆزىنىڭ
ئىشلىگۈسى كەلمىدىمۇ ياكى سىز خىزمەت قىلدۇرمى-
دىڭىزمۇ؟» دېدىم يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ. «ئايال كىشى دې-
گەن خىزمەت قىلىپ قانچىلىك يېڭىلىق يارىتىپ كې-
تەتتى. ئۆزىنى بازارغا سالغاندەك سوكۇلداپ يۈرگىنى
يۈرگەن. خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قى-
لىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلسا، ئەر كىشى خوتۇن ـ بالا
دېگەننى باقالمايتتىمۇ؟ خوتۇن كىشى ئەرنىڭ كۆرسەت-
مىسى بويىچە ئىش كۆرگىنى ياخشى ...» ھېلىقى سا-
ۋاقداشنىڭ ئاغزىدىن ئايالالارنى چۈشۈرۈش، ئەرلەرنى
ھەممىگە قادىر قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ
شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى، ئوقۇشۇمچە ئۇ ساۋاقداش
خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، شىنجاڭ پېدا-
گوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچىدىكى
بىر قىسىم مەكتەپلەر ئېلىپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ،
كېسەلچان ئانىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۆز يۇرتىغا كەت-

كەلسكەن. ئالىي مەكتەپنى شۇنچە ياخشى ئوقۇغان بىر زىيالىينىڭ ئايالالار ھەققىدىكى غەلىتە قاراشلىرى كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈردى. ئەر ـ ئايالالارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تولۇق تونۇيالمىغان، مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنغان ئوقۇتقۇچىنى قانداقمۇ ئالىي مەلۇمات تەربىيىسىگە ئىگە دېگىلى بولسۇن؟ شۇنچە يىل تەربىيىلەنگەن ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئازاد بولمىغان تۇرسا، مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئەرلىرىمىزدىن نېمە دەپ ئاغرىنالاتتۇق ...؟ ئايالالار ھېلىقى ساۋاقداش ئېيتقاندەك خىزمەتتە نەتىجە يارىتالماسمۇ، ئۇلار يۈزىگە چۈمبەردە تارتىپ ئۆمۈر بويى ئات ـ ئېشەكتەك ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپلا ئۆتۈشى كېرەكمۇ؟ ئارىمىزدىن چىققان ھەكىمە ئەرشىدىن، ئادالەت قاسىمى، رەيھانگۈل پەتتار، رەنا قاسىمدەك ئالىم ئاياللىرىمىز ئەرلەر قىلالمىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان تۇرسا، خىزمەت قىلىش ئايال كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس دەپ، بېرىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئاياللىرىمىزنى توختىتىپ قويساق ئادىللىق بولامدۇ؟

مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان، پەرزەنتلەرگە يولباشچى بولۇۋاتقان خانىم ـ قىزلىرىمىزنى خوراپاتلىق ئىدىيىلەر ئەسىرىدە غەيرىي كىيىندۈرۈش، كەسپىدىن ئايرىپ ئۆيگە مەھكۇم قىلىپ قويۇش بۈگۈنكىدەك ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە تولىمۇ ئەخمەقانىلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۇزاق تارىخلاردا ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قۇترانقۇلىقىدىن تارتىمىغان جاپالىرى قالمىغان، ئاشۇ ۋاقىتلاردىكى پاسسىپ قاراشلارنىڭ يالدامىسى تۈپەيلىدىن روھىي جەھەتتىكى نامراتلىقىمىز ھېلىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. كونا جەمئىيەتتىكى «ئەرلەر ئەزىز، ئايالالار خار» قارىشى بويىچە خانىم ـ قىزلىرىمىزنى ھەر جەھەتتىن يەكلەۋەرسەك، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى توساق، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئاياللىرىمىزنى ئوبدان تەربىيىلەپ، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلايلى. خوراپاتلىق بىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، تەرەققىياتىمىزنى چېكىندۈرۈۋېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، گۈزەل ئەتىگە يېڭى يول ھازىرلىشىمىز لازىم. ئاياللىرىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن ھالدا كىيىنىپ، گۈزەل رۇخسارى بويىچە يۈرۈشىنى، ئاددىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى قوللايلى، شارائىت يارىتىپ بېرەيلى، بەخت ئۇلارغا يار بولسۇن!

**(ئاپتور ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



41

# ئوقۇتقۇچىلار قانداق رەھبەرلەرنى ياقتۇرىدۇ

**باھار روزى**

پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئوقۇتقۇچىلاردا. مائارىپسىز مىللەت ئىپتىدائىي مىللەت. مائارىپقا سەل قارىغان مىللەت ئۆز تەقدىرىگە سەل قارىغان مىللەت. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلمىگەن مىللەت ئاھانەتلىك تەقدىرنى ھار ئېلىشنى بىلمەيدىغان، ئۈمىد چىرىغى ئۆچۈشكە باشلىغان غورۇرسىز مىللەت. ئەسىر قوڭغۇرىقى سىگنال بېرىپ، تۇلپار كەبى يېڭى يۈكسىلىشلەر مەيدانىغا كېلىۋاتقان، ئۈچۈر، رىقابەت ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان شانلىق 21 ـ ئەسىر كەڭ قۇچاقلىرىنى ئېچىپ، مول سەھىپىلىرى، داڭدار تۆھپىلىرى بىلەن دادىل قەدەملەرنى تاشلاپ كىردى. ئىنسانىيەت ئۈمىدۋارلىق بىلەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى قۇتلۇق كۈندە، بىز ھەم تېپىلغۇسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەتكە ئېرىشتۇق ھەم كەسكىن تارىخىي خىرىسقا دۇچ كەلدۇق.

ئۇنداقتا بىز دۇچ كېلىۋاتقان تارىخىي خىرىس زادى نېمە؟ بىزنىڭ يېڭىشقا تېگىشلىك خىرىسىمىز، كۆپلەپ بىلىم ئىگىلەپ، ئۈچۈر، رىقابەت دەۋرىگە ماسلىشىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر.

21 ـ ئەسىردىكى ۋەزىيەت كەسكىن بولۇۋاتقان جىددىي شارائىتتا، دەۋرىمىز ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك، غەيرەتلىك، قابىلىيەتلىك، ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج. شۇنداق بولغانىكەن رەھبەرلىرىمىزدە باشقۇرۇش سەنئىتى كەمچىل بولۇش خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياخشى بولغان مائارىپ ساپاسىنى يۈكسەلدۈرۈش، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كەسپلەشكەن ۋە ئىختىساسلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دادىل، توغرا يېتەكلىيەلەيدىغان رەھبەرىي كۈچ بولۇش ئىنتايىن مۇھىم.

شۇڭا مەكتەپلەردىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان رەھبەرىي يولداشلار تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشى زۆرۈر:

1. ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم سەۋىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارى ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئىشقا قويۇشقا ماھىر بولۇشى، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراپ، ئىلمىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئېڭىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

2. يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە، مەكتەپنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان پىلان، خۇلاسە ۋە ئۇسۇل ـ چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىغان، ھەرگىزمۇ كۆتۈپ تۇرىدىغان، باشقىلارغا ھەدېسلا تېرە تاراقشىتىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، مۇھىمىنى تۇتماي، كېرەكسىزلەرگە ئېسىلىۋالىدىغان، ئۆزىنى تۇگمەنىڭ تاقىلدىغۇچىسىغا ئوخشىتىپ، توختىماي «تاقىلداپ» ئەمما ئىز قالدۇرماي چەمبەردەك ئايلانماسلىقى لازىم. چۈنكى، تۈگمەن تاقىلدىغۇچىسى سۇ بىلەن ئەمەس، يۇقىرى ھاۋا بىلەن، شامال كۈچى بىلەن ئايلىنى-

42

دۆدە؟

3. تەنقىد ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئايرىم تەربىيىنى ئاساس، كوللېكتىپ تەربىيىنى ۋە تەنقىدنى قوشۇمچە قىلىشى، ئاممىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم، سەۋىيە، كەسپىي ئىقتىدارغا قاراپ ئىش ئورنىغا قويۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئوقۇتۇش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا «غەلىبە ـ مەغلۇبىيىتى ئۆزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش»قا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا قوماندانلىق قىلمىغاندا ئاخىرى شۇ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايىسىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا مەكتەپ رەھبەرى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، ئىمتىھان مائارىپىنى ساپا مائارىپىغا بويسۇندۇرۇپ، تەدبىرى مول، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىغا ئىشەنگەن ھالدا ئۇلارغىمۇ ئورۇن بېرىشى كېرەك.

4. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش ئەھۋالىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى، شارائىت يار بەرگەن ئاساستا ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى، كېسەلگە پىششىق، ئىدىيىۋى تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ياخشى ئوقۇتقۇچىلارنى سىنىپ مۇدىرلىقىغا بېكىتىشى، ئۇلارغا خىزمەت مىقدارى، قوشۇمچە تەمىنات جەھەتلەردىن كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلگەن بولۇشى لازىم. ئاتا ئانىلار سۆھبىتى، سىنىپ يىغىنى، ئىنتېرنېت پائالىيەتلىرىگە دائىم قاتنىشىپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. تەلىم ـ تەربىيە بىلەن بىلىم بېرىشنى ئاساس، مەبلەغ، پۇل تېپىشنى قوشۇمچە قىلىشى كېرەك.

5. ئوقۇتقۇچىلارنى بۇرۇختۇرما كەيپىيات ئىچىدە دىمىقتۇرۇپ قويماسلىقى، ئالىيجاناب پەزىلەت، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەت بولۇشى، ھەممە ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، راستچىل، پاك ـ دىيانەتلىك، كەسپىي ئەخلاقى دۇرۇس، ھوقۇقنى قانۇن ئورنىغا سالماي، قانۇننى خىزمەت تۈزۈمىگە بويسۇندۇرىدىغان ئېسىل ئەرباپلاردىن بولۇشى لازىم.

تەرەققىيات ۋە قىممەت جەھەتتىكى غايەت زور پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مائارىپ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئالەمنى ئۆزگەرتكەندە ئوخشاش، ئۆزىگە سەل قارىغان ھەم ئەھمىيەت بەرمىگەنلەرنى نادانلىق زەنجىرى بىلەن چىرماپ، تارىخنىڭ شاللىشى بىلەن كۆلپەتلىك تەقدىرلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ھازىرلىشى، ساياھەت قىلدۇرۇشى، روھىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغان شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى، ھېچ بولمىغاندا ۋاسكېتبول ئويناشقا تەشكىللىشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

قىسقىسى، ئاممىغا ئىشىنىدىغان، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرىدىغان، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا ۋەزىيەت، ئۇچۇرغا ماسلىشىپ مەكتەپ باشقۇرىدىغان، ئىلمىي رەھبەرلىك سەنئىتى بولغان مەكتەپ مۇدىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز 21 ـ ئەسىرگە خاس دەۋر روھىنى نامايەن قىلىشىمىز، بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۇ جەمئىيىتىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، بۇنىڭ ئۇچۇن تۇرمۇش رېتىمىمىزنى تېزلىتىپ، ئەقلىي ئەمگەك سالمىقىنى كۆپەيتىپ، ھەمسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور گۇچۇڭ ناھىيىلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**





# سۈرەتلىك خەۋەر

## ئۆز خەۋەرچىمىز

16 ـ ماي چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگان ئىتتىپاق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە يەتكۈزمە دوكلات بېرىشنى

**دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىزدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە يەتكۈزمە دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلدى**

ئويۇشتۇردى. يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش خۇجيابەننىڭ چىرىكلەشكەن ئۇنسۇر، ئاپتونوم رايونلۇق جاۋىچىلىق نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق شۇجىسى، نازارەتنىڭ



سابىق مۇئاۋىن نازىرى لياۋباگچىڭنىڭ چىرىكلىشىش دېلوسى ئۈستىدە قىلغان مۇھىم سۆزى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ لياۋباگچىڭنىڭ چىرىكلىشىش دېلوسىنى تەكشۈرگەنلىك ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى يەتكۈزۈلدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇسېڭاۋنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم دوكلاتىمۇ قوشۇپ يەتكۈزۈلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي



كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت رەجەپ بۇندىن كېيىن دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قانداق قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

**سەمەت دۇگايلى (ئۆز مۇخبىرىمىز)**

**تاھىر مامۇت فوتوسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

## ئاقسۇ شەھىرىدە پىلانلىق تۇغۇت نىزامىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى سەھىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىرىكىپ ماسلىشىشى بىلەن ھەرقايسى يېزا ـ بازار، مەيدان، كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان قىسمەن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.



سۈرەتتە: تەكشۈرگۈچىلەر ئىگەچى يېزىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئائىت ئارخىپلىرىنى كۆرمەكتە.

**ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىلىق پارتكومىدىن: ئابلىمىت ئىبراھىم خەۋىرى ، فوتوسى**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

## ناھىيە رەھبەرلىرى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى

قاراقاش ناھىيىسىدىكى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 226 نەپەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 6 نەپەر ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بۇلتۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر بەرگەن 68 تەكلىپ، پىكىرنى بىر تەرەپ قىلدى. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇلتۇر سۇ ھەققىدىن 1 مىليون 125 مىڭ يۈەن، دېھقانلار سېلىقىدىن 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى. بۇ يىلقى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ۋەكىللەر يەنە 174 تۈرلۈك پىكىر، تەكلىپ بەردى.



سۈرەتتە: ھاكىم ئوبۇلقاسىم سىراجى (سولدىن 2 ـ كىشى)، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يالقۇن ئابدۇرېھىم (سولدىن 1 ـ كىشى)، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئالىپ قاسىم (ئوڭدىن 3 ـ كىشى) قاتارلىق رەھبەرلەر ھەر ساھە ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.

**قاراقاش ناھىيىلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن: غۇجىئابدۇللا مەتتىمىن خەۋىرى ، فوتوسى**

# مەتنىياز ئۇستام قىينچىلىقتىن قۇتۇلدى

ئۇنسۇ ئېلېكتر كۆچى شىركىتىنىڭ شۇجىسى، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئابلەھەت ئېلى كومپارتىيە ئەزاسىغا ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە خاس ئالىيجانابلىقنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئامىمىنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشتى. ئالدىنقى يىلى ناھىيىلىك پاراۋانلىق كارخانىسى زىيان تارتىپ، ئىشچىلىرى ئىشتىن توختاپ قالدى. بۇ كارخانىنىڭ دۇغۇ ئىشلەيدىغان ئۇستىسى مەتنىياز مەمتاۋۇلا 11 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دۇغۇ ۋە ماش ئۇندۇرمىسى ئىشلەيدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ۋە ئوچاقلارنى ياسىغاندى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتى تازا بازار تېپىۋاتقاندا ئولتۇراق ئۆي ۋە دوغۇخانىسى ئېلېكتر كۆچى شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش خەرىتىسى ئىچىگە كىرىپ قالدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار مەتنىياز ئۇستامنى ئورۇنلاشتۇرمايلا ئۇنىڭ توك سىمىنى كېسىۋەتتى. مەتنىياز ئۇستامنىڭ ئائىلىسى قىيىنچىلىقتا قالدى. كىچىك بالىسى ئابدۇرازاقنىڭ 120 يۈەن ئوقۇش پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمەي مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. مەتنىياز ئۇستامنىڭ ئۆي ۋە دوغۇخانىسى ئېلېكتر كۆچى شىركىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشقا پۇتلاشمىغانىدى. مۇشۇنداق تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقاندا ئابلەھەت ئېلى بۇ مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مەتنىياز ئۇستامنى ئىش شارائىتىغا ئىگە قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئوقۇشتىن قالغان بالىسى ئابدۇرازاقنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن 120 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۈزۈۋەتكەن توكنى ئۇلىتىپ بەردى. مەتنىياز ئۇستامنىڭ تۇرمۇش يولىغا «يېشىل چىراغ» يېقىلىپ، ئۆزى ئىشقا، بالىسى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ھۈنىرى قايتىدىن روناق تېپىپ، ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئۇنسۇ بازىرىدىكى ئۆيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بىردىنبىر دۇغۇچى ۋە ماش ئۇندۇرمىچى ئۇستام بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز كەسپىنىڭ روناق تېپىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغاندا ھاياجانلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابلەھەت شۇجى ئامىمىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەقىقىي كومپارتىيە ئەزاسى ھەم ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىكەن، ئۇ تۇرمۇشىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئائىلىمىزنى قىينچىلىقتىن قۇتقۇزدى.....»

**ئۇنسۇ ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن: ئابدۇراخمان مامۇت دىيار**

## قاراتال بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى

ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق قاراتال بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى بازارلىق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدىن بۇيان، 5 قېتىم ھەيئەت رىياستى يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت پونكىتى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، ئەدلىيە ئىشخانىسى، بازارلىق خەلق سوتى، خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسى قاتارلىق 5 ئورۇننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىكى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەردە ساقلىنىۋاتقان ئىگىلىك مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەن بولۇش، سۇ پونكىتىنىڭ ئالدىن ئېلىنغان زاكالەت پۇلىنى قايتۇرماسلىق، ئەدلىيە ئىشخانىسىنىڭ تۆرلۈك توختاملارنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش

قېلىپلاشماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بې-
رىپ، مۇددەت بەلگىلەپ تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋە-
كىللەرنى بازارلىق پونكىتىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا
تەشكىللەپ، كەنت كادىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - -
تۇغقانلىرى كەم تاپشۇرغان 32300.00 يۈەن سۇ ھەققىنى
ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇنى سۇ پونكىتىنىڭ مالىيىسىگە
تاپشۇرۇپ بەردى. سايلىغۇچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن
كەنت كادىرلىرىنىڭ يەر تېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ،
كەنت كادىرلىرى ئارتۇق ئىگىلەپ كەتكەن 21300 مو يەرنى
ئېنىقلاپ چىقىپ پارتكومغا تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ
يەرنى يېرى يوق ياكى تېرىلغۇ يېرى ئاز بولغان 2130
دېھقان ئائىلىسىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. كەنت كادىر-
لىرى كەم تاپشۇرغان 350 مىڭ يۈەن تۈرلۈك سېلىقلار
تولۇقلاپ يىغىۋېلىندى.

ۋەكىللەر ئارىسىدا قوش ئىلغارلاردىن بولۇش پائا-
لىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان
24 نەپەر مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى تەقدىرلىدى.
ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتايى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان
تەكلىپ، پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە بولغان نازارەت-
چىلىكنى كۈچەيتىپ، 79 پارچە تەكلىپ، پىكىردىن 77
پارچىنى بېجىرىپ، ۋەكىللەرنى رازى قىلدى. ئىككى
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بازارلىق ياشان-
غانلار ساناتورىيىسىگە 14780.00 يۈەن ئىئانە قىلدى، كې-
سەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بىر نەپەر خەلق ئىشچىسى-
نىڭ ئائىلىسىگە 7400 يۈەن ئىئانە قىلدى.

**ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**ئوسمانجان تۇرسۇن**

## دۆگمەھەللە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى 8 ئورۇن 7 پونكىتنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلىدى

توققۇزتارا ناھىيە دۆگمەھەللە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يېقىندا يېزىغا قاراشلىق 7 پونكىت 8 ئورۇننىڭ رەھبەرلىرىنىڭ 2000 ـ يىللىق خىزمەت ئەھۋالىدىن دوك-
لات ئاڭلاپ ، بۇ ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باھالىدى.

يىغىندا ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۆزلى-
رىنىڭ 2000 ـ يىللىق خىزمەت ئەھۋالىدىن تەپسىلىي
دوكلات بەردى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر دوكلاتلارنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ،
يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.
ئاخىردا ۋەكىللەرگە باھالاش جەدۋىلى تارقىتىلىپ، 7 پون-
كىت 8 ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى باھالاپ چىقىلدى.

**دۆگمەھەللە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىدىن :**
**سوفىيەم مەھەممەت سېيىت**

## نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈلدى

بۇ يىل قۇربان ھېيت ھارپىسىدا كۇچا ناھىيىلىك خ
ق دائىمىي كومىتېتىدىكى بارلىق خادىملار چەت، يىراق

يېزىلاردىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارنىڭ قۇربان ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن 169 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 300 كىلوگرام ئۇن ئىئانە قىلىپ، نامرات دېھقانلارغا ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزدى.

بۇ دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدىكىلەرنىڭ نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇدا داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلىدىكى باھار بايرىمى، قۇربان ھېيتلاردا كارخانىلاردىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئىشچىلار ۋە نامرات دېھقانلاردىن ھال سوراپ ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆتكەن يىلى 600 يۈەن ئىئانە قىلىپ، كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزگەن.

**كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن: ئەخمەتجان موللامەت**



## لەڭگەر يېزىلىق پارتكوم يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمىتىنى قوللىدى

كېرىيە ناھىيە لەڭگەر يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئېچىلغان يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ 4 قېتىملىق يىغىنىغا تولۇق قاتنىشىپ، ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى. پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ چىڭخەي ۋەكىللەرنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ خىزمىتىدە ئۇزۇندىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئازادە، يورۇق، مەخسۇس ئىشخانىسى بولماسلىق، ئىشخانا ئەسلىھەلىرى تولۇق بولماسلىق؛ رەئىستىن باشقا ھەيئەت رىياسەتتە ئىشلەيدىغان مەخسۇس خادىم بولماسلىق مەسىلىسىنى ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ ھال قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەت راسخوتى ئۈچۈن يىل ئاخىرىدا يېزا مالىيىسىدىن ئون مىڭ يۈەن نەق پۇلنى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ ھېسابىغا يۆتكەپ بېرىپ ۋەكىللەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئېلىپ بېرىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللىغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

**كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن: تۇردى ئەخمەت**

## بەشئېرىق بازىرىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولدى

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 41 تۈرلۈك تەكلىپ، پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەشئېرىق بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى بۇ تەكلىپ، پىكىرلەرنى ۋاقتىدا رەتلەپ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، بۇ يىل 3 ـ ئايدا ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا بۇ تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل بېجىردى.

ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىش

ئارقىلىق ھەل قىلىنىپ ئامما خاتىرجەم قىلىندى.

بۇ خىل تەكلىپ، پىكىرلەردىن دېھقانلارنىڭ سېلى-قىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى بىر تۈرلۈك تەكلىپ، دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان سۇ ھەققى ئۆلچىمى، باھا-سى، پاختا سېتىۋېلىشتا، پاختا زاۋۇتلىرى ساپ پاختىنىڭ دەرىجىسىنى بېسىۋېتىش مەسىلىسى، بىر قىسىم كەنت-لەرنىڭ يەرلىرىنى زەي قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاجىزلىشىپ، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىل-غىلى بولمىغانلىقتىن، بازار بىر تۇتاش گۆش تەشكىللەپ، زەبىلنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشتا كۆچەتلەرنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بې-رىپ، ئەي بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ، پىكىرلەر ۋەكىللەر قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ئەستايىدىل بېجىرىلدى.

كۆپىيىكەن، بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن خ ق دائىمىي كو-مىتېتى ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرنى مەسئۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى ھەمدە مۇدىر كەنجى ھاپىز ئۆزى بىۋاستە ئاساسىي قاتلامغا بې-رىپ ئاممىنىڭ پىكرى بىرقەدەر كۆپ بولغان يېزا ـ مەي-دانلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن قانۇن تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، بەزى تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولغان نۇق-تىلىق مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلىشقا يېتەك-چىلىك قىلغان.

2000 ـ يىلى ھال ئېيتىپ كەلگۈچىدىن 43 نى قو-بۇل قىلىپ بۇنىڭدىن بىرقەدەر نۇقتىلىق بولغان 6 پارچە ئەرزنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ ھەل قىلغان، 37 پارچە ئەرزنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ ھەل قىلىشىغا ھەيدەك-چىلىك قىلغان.

**ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق خ ق ھەيئەت رىيا-ستىدىن: پەرھات مەسۇم**

## ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەكتە

ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يۈكسەكلى-كىدە تۇرۇپ قانۇن ـ نىزاملار تەشۋىقاتى كۈچەيتىلگەن-لىكتىن، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىدا ئاساسىي قاتلاملاردىكى بەزى تۈزۈملەرنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىق مەسىلىسىدە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئېڭى كۈنسايىن ئۆسۈپ خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ھال ئېيتىپ كېلىدىغانلار بىرقەدەر

**ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن: مەتنىياز مەمتىز**

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن تەشۋىقاتى سالمىقىنى زورايتتى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قو-يۇقلاشتۇرۇش ھەمدە نازارەتچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن گۇرۇپپىلار بويىچە مۇدىر، مۇئا-ۋىن مۇدىرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئورگاندىكى كادىرلار تۆۋەنگە قەرەللىك چۈشۈپ قانۇن تەشۋىقاتى ئېلىپ بې-

رىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىنىشىنى ئۆزلۈكسىز يۇ-
قىرى كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خ ق ھەيئەت رىياسەتلى-
رىنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك
رول ئويناپ قالماستىن، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە
يۈرگۈزۈش، نامۇۋاپىق سېلىق ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك،
دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى
قوغداشتىمۇ تۈرتكىلىك رول ئويناپ، جەمئىيەتنىڭ سى-
ياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھا-
سىل قىلدى.

**كىرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**ئەمەتجان ھېيت**

## خ ق دائىمىي كومىتېت ئورگىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىقىنى تەكشۈردى



كىرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇ-
دىرلار يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن پەن -
تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتى كومىتې-
تى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى
تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭ-
خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى
كېڭەيتىش قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ
ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

كىرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتى
كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ قاتنىشىشى
ئارقىسىدا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 2 ئوتتۇرا، 4 باش-
لانغۇچ مەكتەپتە «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىز-
چىللىشىشى ئۈستىدە 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 -
كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە
نامرات، يېتىم، مېيىپلاردىن، ۋەيران بولغان كارخانىلاردى-
كى ئىشچى - خىزمەتچى، دېھقان - چارۋىچىلار پەرزەنت-
لىرىدىن 536 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 2040 يۈەن ئوقۇش راس-
خودىنى كەچۈرۈم قىلغان. بىر قىسىم مەكتەپلەر ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ دەرس پىلانىدا بولمىغان كىتابلارنى سېتىپ
بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتكەن، تەكشۈ-
رۈشكە قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىردەك بۇ
مەسىلىگە جىددىي قاراپ قانۇن، سىياسەتلەرنىڭ روھىغا
قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئوقۇغۇ-
چىلاردىن خالىغانچە پۇل يىغىپ، سېلىقنى ئاشۇرۇۋەت-
مەسلىك، مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەرگە بولغان نازارەت-
چىلىكنى كۈچەيتىپ، سېلىقنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىك
تەدبىرىنى قوللىنىپ ساغلام بولغان ئوقۇتۇش مۇھىتىنى
بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ تەرەپتىكى مەسى-
لىلەر ۋاقتىدا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىجىرىشى ئۈچۈن
سۇنۇلدى.

**كىرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن:**
**ئەمەتجان ھېيت**

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر مامۇت**

### تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 4 -
سانىنىڭ 48 - بېتىدىكى « باتۇر تۇردى»
نى « بارات تۇردى » دەپ ئوقۇغايسىلەر.

# نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، باھالاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى

## ـــ كادىرلارنى باھالاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئۇسۇلىمىز ۋە تەسىراتلىرىمىز

قاغىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى

ناھىيىمىزدە «ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى باھالاش نىزامى»غا ئاساسەن كادىرلارنى باھالاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. تۆۋەندە باھالاش خىزمىتىنى يولغا قويۇشتىكى ئۇسۇلىمىز ۋە تەسىراتلىرىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

### 1. نازارەتچىلىك ئېڭى كۈچەيتىلدى

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى «ئاساسىي قانۇن» ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئاتا قىلغان خىزمەت مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا دۆلەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە نازارەتچىلىك بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلىدىغان تۈرلۈك نازارەتچىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق نازارەتچىلىك. ئۇنىڭ مەقسىتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئىگە قىلدۇرۇپ، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاساسىي تەدبىر ۋە ئۈنۈملۈك شەكىل. بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆتكەن يىللاردا بىز ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشىغا بولغان نازارەتچىلىكتە پائال ئىزدىنىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقانىدۇق. ئەمما، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىلا يېتەرلىك بولمىدى. ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ يىغىنىدا «ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى» ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ

يولغا قويۇلدى. بۇ نىزامنىڭ ئېلان قىلىنىشى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە يېڭى يول كۆرسىتىپ بەردى. بىزنى كادىرلارنى باھالاش خىزمىتىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، ئەمەل قىلىدىغان نىزام بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. باھالاش نىزامىنىڭ يولغا قويۇلۇشى باھالاش خىزمىتىنى قانۇنلاشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا سېلىپ، باھالاش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە تەتبىقلىنىشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئادەمدۇر. «نىزام»نىڭ يولغا قويۇلۇشى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلىدىمۇ ـ يوق؟ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالىدىمۇ ـ يوق؟ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىدىمۇ ـ يوق؟ مەسىلىنىڭ مۇھىم ھالقىسى يەنىلا ئادەمگە—يولغا قويغۇچىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باغلىق. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولغا قويۇش لايىھىسىنى پىلانلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە سىناق قىلىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

**2. ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزدىنىپ، خۇلاسىلەپ يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى**

*1) «نىزام»نىڭ مەزمۇنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى.*

ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدا «نىزام»نى مەخسۇس ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللەپ، 4 چوڭ بەنزە رەھبەرلىرىنى «نىزام»نى چۈشىنىپ، «نىزام»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئىككىنچىدىن، رادىئو ئارقىلىق «نىزام» بىر ھەپتە تەشۋىق قىلىنىپ، جەمئىيەتكە، كادىرلارغا، ئاممىغا بىلدۈرۈلۈپ، نىزامنى يولغا قويۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، «نىزام» ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ھەرقايسى مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلىرىغا تارقىتىپ بېرىلىپ، بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «نىزام»نى ئۆگىنىشكە، مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. تۆتىنچىدىن، «نىزام»نى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىگە تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى رەئىسلىرى يىغىنى ئېچىپ «نىزام»نىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ، ھەيئەت رىياستى ئەزالىرىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشقا، يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈشكە تەشكىللەش تەلەپ قىلىندى. بەشىنچىدىن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئالدى بىلەن ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، باھالاش خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىدى.

*2) ئەترابلىق، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.*

بىرىنچىدىن، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىنى ئېچىپ، يولغا قويۇش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومغا يوللاپ تەستىقلىتىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باھالاش لايىھىسىنى ئورۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ تارقاتتى. باھالاش ئوبيېكتىنى بېكىتىشتە ئىجرا قىلىدىغان قانۇن ـ نىزاملار بىرقەدەر كۆپ بولغان، چېتىشلىق دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولغان دېھقانچىلىق ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقلىرىنى تۇنجى قاراردا باھالاش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتتىلدى. ئىككىنچىدىن، باھالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىلدى. باھالاشقا قاتناشقۇچى خادىملارنى

ئۆگىنىشكە، تەربىيىلەشكە تەشكىللەش، ئۇلارغا ۋەزىپە بېكىتىپ، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق باھالانغۇچىلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، «نىزام»نى ئۆلچەم قىلىپ، كونكرېت باھالاش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى. باھالاشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى «نىزام»دىكى ٥ تۈرلۈك مەزمۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. (1) ئىككى نەپەر ئىدارە باشلىقىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىغا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دەسلەپكى ئورگىنالنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن باھالاش گۇرۇپپىسىغا يوللاش، باھالاش گۇرۇپپىسى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز تارمىقىدىكى كادىر، ئامما ئارىسىدا ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بېرىش، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالغاندىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. (2) ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بەرگۈچى ئاۋۋال باھالاشقا قاتناشقۇچى خادىملارنى ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بەرگۈچىنىڭ ئىدارىسىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈش، ئاممىنى زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىشكە تەشكىللەش، كادىر، ئاممىنىڭ پىكىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ، باھالاش ئوبيېكتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا چۈشىنىش ئېلىپ بېرىش، كۆزدىن كۆچۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتقا كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتىنى سۇنۇش تەلەپ قىلىندى. (3) ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بەرگۈچىنى ئىككىنچى قېتىم ئىدارىدىكى كادىر، ئاممىنىڭ ئارىسىدا دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىغا قارىتا مەمنۇن بولۇش، ئاساسىي جەھەتتىن مەمنۇن بولۇش ۋە رازى بولماسلىق توغرىسىدا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى ۋە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش (مۇنەۋۋەر، لاياقەتلىك، ئاساسەن لاياقەتلىك، لاياقەتسىز) جەدۋىلى تارقىتىلدى. (4) باھالاش يىغىنى ئېچىپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا باھالاش يىغىنىنىڭ تەرتىپى بويىچە باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. باھالاش يىغىنىدا ۋەكىللەر ئاساسلىق رول ئوينىدى. باھالاشقا قاتناشقۇچى ھەر بىر خادىم تولۇق تەييارلىق قىلىپ، يازما سۆز تېزىسى تەييارلاپ، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى ۋە ئايرىم سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە باھا بېرىپ ئۆتتى. (5) باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشتۇرۇلدى. چوڭ يىغىندا ئىككى نەپەر ئىدارە باشلىقىغا بېرىلگەن باھا ئېلان قىلىنىپ، باھالاش خىزمىتىنىڭ تەسىرى كېڭەيتىلدى. (6) تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە قارىتا تۈزىتىش پىكىرىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، تارماق بەنزىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلغان ئاساستا كادىرلار ۋە ئامما قاتناشقان چوڭ يىغىندا ئوقۇلدى، ئايرىم پىكىر ئالغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىلگەن ئورگىنالىنى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللىدى. (7) تۈزىتىشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئاۋۋال ئاسىنىنى، ئاندىن قىيىنىنى، نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى تۈزىتىش پرىنسىپى قوللىنىلىپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى ھەمدە ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىشقا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىندى. (8) باھالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باھالاش نەتىجىسى ناھىيىلىك پارتكومغا دوكلات قىلىندى.

### 3. بىرنەچچە تەسىرات

1) خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ياخشى

ئىشلەش ئۈچۈن چوقۇم پارتكومنىڭ قوللىشىغا تايىنىش لازىم. پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي پرىنسىپى. باھالاش نىزامنى پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش مەسىلىسىنى ئالدى بىلەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچلار ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولغا قويۇش پىكرى تەييارلاپ چىقىلدى ھەمدە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى باھالاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. يازما دوكلاتنى ناھىيىلىك پارتكومغا يوللىغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ (2000) 37 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت تارقاتتى. ناھىيىلىك پارتكوم بەنزىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، يەنە يېڭى بەنزە ئەزالىرىغا مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلىپ، پارتكومنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلدى. «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەت بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ئەھۋالدا ۋاقىت زىچ بولسىمۇ، باھالاش خىزمىتىنى «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» تەربىيىسى پائالىيىتى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، باھالاش خىزمىتى بىلەن ئۆگىنىش، تەربىيە پائالىيىتى بىر ـ بىرىگە توقۇنۇشتۇرماي ئېلىپ بېرىلدى.

2) ئىلگىرىكى بەزىبىر ئىدىيىۋى توسالغۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈش باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى. ئىلگىرى كادىرلار ۋە ئاما خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىگە بىر خىل يۈزەكى قاراشتا بولۇپ، نازارەتچىلىك قىلىشنى مەسىلە ئىزدەش، ئاۋارىچىلىق تېپىش دەپ قاراپ، تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىدىيىدە پائال ماسلىشالمىغانىدى. ئۆزىمىزدىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلانغاچقا، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىشتىن قورقۇپ، ياخشىچاقلىق ئىدىيىسىدە بولغانىدۇق. بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشتىكى ئىدىيىۋى توسالغۇ بولۇپ، بۇنى چوقۇم تۈزىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن قوللىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇپ، نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن قوللاشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم.

3) باھالاش خىزمىتىدە «نوچىلار»غا تېگىشكە جۈرئەت بولۇش لازىم. باھالاش ئورۇنلىرىنى بېكىتكەندە، ئىجرا قىلىدىغان قانۇن ـ نىزاملار كۆپ بولغان، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، زىددىيەت، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى نىسبەتەن مەركەزلەشكەن ئورۇنلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تاللاپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە دادىل باھالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. باھالاشتا ئەڭ مۇھىمى، باھالاشقا قاتناشقۇچىلار مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، مەسىلىلەرنى ۋە زىددىيەتنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىش، يۈزتۇرانە پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىش، خەلققە ۋاكالىتەن پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ئادالەتنى ياقلاش، ھەققانىيەتنى قوغداشقا جۈرئەت قىلىش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا دەل، جايىغا تەگكۈزۈش، زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بەرگەندە يۈز قارىماسلىق، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا ئەجەللىك يېرىگە تېگىش، باھالانغۇچى تۇرۇشلۇق ئورۇندا زىلزىلە قوزغاش، خىز-

مەتلەرگە ئۈلگە بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ باھالاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى. مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىن نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىلا باھالاش ۋە نازارەتچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4) باھالاش خىزمىتىنى توغرا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى 4 پرىنسىپنى ياخشى ئىگىلەش، 4 مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. باھالاش خىزمىتى گەرچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشتىكى بىر خىل كونكرېت ھەرىكىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، چېتىلىدىغان مەسىلىلەر چوڭقۇر، سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. باھالاش خىزمىتىنىڭ توغرا يۈنىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى 4 پرىنسىپنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پرىنسىپى. ئىككىنچى، قانۇن بويىچە باھالاش پرىنسىپى. ئۈچىنچى، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش پرىنسىپى. تۆتىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش پرىنسىپى. نازارەتچىلىك سالمىقىنى كۈچەيتىپ، باھالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى 4 مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئادەمنى باھالاش بىلەن ئىشنى باھالاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، نەتىجىنى باھالاش بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن خادىملارنى ئومۇميۈزلۈك باھالاش بىلەن نۇقتىلىق باھالاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەشۋىقات، جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، باھالاش ئەھۋالىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلاپ، باھالاش خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، دەسلەپكى باھالاش خىزمىتى ئارقىلىق تونۇشىمىزدا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. ناھىيىمىزنىڭ باھالاش خىزمىتى ئەمدىلا باشلاندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خىزمەت نەتىجىلىرىمىزنى مۇستەھكەملىگەن ئاساستا ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كادىرلارنى باھالاش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش يولى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

**كۆكتات تېرىش**

رېن شيەنچىنىڭ كۆكتاتلىقى دەل لى مېينىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ئىدى.

رېن شيەنچى لى مېيدىن سورىدى: «بۇ يىل لوبو تېرىغىنىم ياخشىمۇ، ياكى بەسەي تېرىغىنىم ياخشىمۇ؟»

لى مېي مۇنداق دېدى: «ئەلۋەتتە بەسەي تېرىغان ياخشى ـ دە، چۈنكى بىزنىڭ توخۇلار لوبو يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟»

# ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى ئالدىن ئىجرا قىلىشنىڭ تەتبىقلاش دائىرىسى ۋە شەرتلىرى



مەمتىمىن موللا نىياز

ئالدىن ئىجرا قىلىش ــ خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى ھەق تەلەپ قىلغۇچى كىشىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئالدىن ئۆتەش ھەققىدە قانۇن بويىچە كېسىم چىقىرىش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندىكى ھەق تەلەپ دېلولىرى ئالدىن ئىجرا قىلىشقا تەتبىقلاش دائىرىسىدىكى دېلولار بولىدۇ:

بىرىنچى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش خىراجىتى،بېقىش خىراجىتى، تەربىيىلەش خىراجىتى، نەپىقە پۇلى، داۋالىنىش خىراجىتى تەلەپ قىلىنغان دېلولار؛ ئىككىنچى، ئەمگەك ھەققى تەلەپ قىلىنغان دېلولار؛ ئۈچىنچى، ئەھۋال جىددىي بولغانلىقتىن ئالدىن ئىجرا قىلىش زۆرۈر بولغان دېلولار.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل جىددىي ئەھۋال ئاساسلىقى دەرھال دەخلى ـ تەرۇزنى توختىتىپ، تۇسالغۇنى تۈگىتىش زۆرۈر بولغان؛ مەلۇم قىلمىشنى دەرھال توسۇش زۆرۈر بولغان؛ ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشياسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىش مەبلىغىنى دەرھال قايتۇرۇش زۆرۈر بولغان؛ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىجارەت ئىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق سوغۇرتا تۆلەم پۇلى تەلەپ قىلغان ئەھۋاللارغا قارىتىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دېلولاردا ئالدىن ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلگەندە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك:

بىرىنچى، دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىلتىماس قىلغۇچى ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بولۇشى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلغان بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك.

**(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

## چۈشەندۈرۈش

مۇئەللىم: «بېتا، ‹مەسئۇلىيەت› دېگەننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ باقە؟

بېتا: «ئەگەر مېنىڭ چاپىنىمدا ئىككى تاللا تۈگمە بولسا، ھازىر ئۇنىڭ بىرسى چۈشۈپ قالسا، بارلىق مەسئۇلىيەت يەنە بىر تۈگمىدە بولىدۇ».

## ئاڭلىغانمۇسىز؟

△ پاشىنىڭ 22 تال چىشى بار، بۇنى پەقەت مىكروسكوپتا كۆرەلەيسىز.

△ تۆگە دېڭىز سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالايدۇ.

△ ئىستاكاندىكى سۇغا تۇز سالسا، سۇ يۈزى ئۆرلەمەي پەسلەيدۇ.

△ ئادەمنىڭ كۆز قارچۇقى ياشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەي، باشتىن ـ ئاخىر تەخمىنەن 22 مىللىمېتىرلىق دىئامېتىرنى ساقلايدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ كۆز قارچۇقى قارىماققا چوڭدەك كۆرۈنىدۇ.

△ ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ سۇ يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى پەقەت 12 ـ ئايدىلا تەڭلىشىدۇ. قالغان 11 ئاي ئىچىدە تىنچ ئوكياننىڭ سۇ يۈزى ئاتلانتىك ئوكياننىڭكىدىن ئېگىز بولىدۇ.

△ كاكائو ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى ئەڭ قىسقا بولىدۇ، ئۇنى ئۈزگەندىن كېيىن ئاران 35 سائەت ساقلىغىلى بولىدۇ.

△ بارلىق هايۋانلار ئىچىدە شىرنىڭ يۈرىكىنىڭ هەجمى ئەڭ كىچىك بولىدۇ.

△ ئۆمۈچۈكنىڭ قان بېسىمى ئادەمنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

△ دېڭىز دېلفىنىنىڭ 96 چىشى بار، ئەمما ئۇ يېمەكلىكنى يالماپ يۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

△ يىلان قاسراق تاشلىغاندا، ئۇنىڭ بىر قات كۆز پەردىسىمۇ بىرگە چۈشۈپ كېتىدۇ.

△ يەر شارىدا تەخمىنەن 450 خىل ئۆسۈملۈك هايۋاننى يېمەكلىك قىلىدۇ.

△ كۆپ ساندىكى هايۋانلارنىڭ يېغى ئاق بولىدۇ، پەقەت تىمساھنىڭ يېغىلا يېشىل بولىدۇ.

△ يود كەم بولسا، قومچاق پاقىغا ئايلىنالمايدۇ.

△ ياپونىيىلىك ئالىملار يەم ـ خەشەك ئېزىشكە كېتىدىغان خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن، چىشى بار توخۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان، بۇنداق توخۇلار داننى چىشى بىلەن چايناپ ئېزىپ ئاندىن يۇتىدىكەن.

**(قاۋۇل توختى رەتلىگەن)**

## تېلېۋىزوردىكى ئىشقۋازلىق كۆرۈنۈشلىرىنى توسىدىغان كۆشەندە چىقتى

كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان ئىجاد قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن «يالىڭاچ» بەدەننى يېپىش تېخنىكىسى يېقىندا ئەنگلىيىدە كەشىپ قىلىنىپ، ئىشقۋازلىققا ياتىدىغان سىن ئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرۈشكە خۇمار بولغان بالىلارنىڭ كۆشەندىسى بولۇپ قالدى.

ئىلگىرى بالىلار ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشقۋازلىققا ئائىت سىن ئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرمەسلىك توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگە كۆرۈنۈشتە ماقۇل بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىلگىنىنى قىلاتتى. هازىر خۇپيانە هالدا تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېرغا ئورنىتىپ قويسا، بالىلارغا ئىشقۋازلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسەتمەيدىغان بىر خىل قۇرۇلما چىقتى. ئۇ يەنە بالىلارنىڭ قىلىقلىرىنى ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. «يالىڭاچ بەدەننى يېپىش» قۇرۇلمىسىنى ئەنگلىيىدىكى بىر شىركەت بىر خىل كومپيۇتېر تەكشۈرۈش سىستېمىسىدىن تەقلىد قىلىپ ياسىغان بولۇپ، ئۇ ئېكراندا كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ يالىڭاچ قىسمىنى ئاپتوماتىك كۆزىتىپ، يالىڭاچ بەدەن كىشىلەر قوبۇل قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەندە، ئاپتوماتىك هالدا قىلچە رەھىم قىلماستىن، بەك يالىڭاچ قالغان يەرلەرنى توسۇۋالىدىكەن. يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، پۈتكۈل ئېكراننى قاپ ـ قارا قىلىپ قويىدىكەن.

**(«شېنجېن كەچلىك گېزىتى»دىن قاۋۇل توختى تەرجىمىسى)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

# بىلەت ھېسابلاش ماجىراسىنىڭ سوت قىلىنغانلىقىدىن ئامېرىكا زوڭتۇڭ سايلىمىنى بەك ئادىل دەپ كەتكىلى بولمايدۇ

**مەمتىمىن ئابلىز**

ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلغان ئامېرىكىنىڭ زوڭتۇڭ سايلاش رىقابىتىدە يۈز بەرگەن بىلەت ھېسابلاش ماجىراسىنى سوتتا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرگە بۇ ئەھۋال ئالاھىدە تۇيۇلۇپ، «ئامېرىكىنىڭ زوڭتۇڭ سايلاش تۈزۈمى بەك ئادىلكەن» دېيىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ماجىرا يۈز بېرىشىنىڭ ئۆزى زىددىيەتنىڭ چېكىدىن ھالقىپ پارتلىشى بولۇپ، بۇ پۈتكۈل سايلام تۈزۈمىدىكى ئادىللىقنى ئەمەس، تۈزۈم ۋە تۈزۈمگە ئەمەل قىلىشتىكى ئادىلسىزلىق ئەھۋاللىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىختىن بۇيانقى خەلقئارا خەۋەر، ماتېرىياللارغا ئاساسلانساق، مەسىلىنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ: ئامېرىكىدا 4 يىلدا بىر قېتىم چوڭ سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ زوڭتۇڭ سايلىمى بىر خىل ۋاستىلىك سايلام بولۇپ، سايلىغۇچىلار زوڭتۇڭنى بىۋاستە ئاۋاز بىلەن سايلىمايدۇ. ئامېرىكا سايلىغۇچىلىرى پەقەت «ۋەكىل»نىلا سايلايدۇ. سايلىغۇچىلار قايسى پارتىيىنىڭ ۋەكىلىگە ئاۋاز بەرسە، شۇ پارتىيىدىن بولغان نامزاتنىڭ زوڭتۇڭ بولۇشىغا قوشۇلغان بولىدۇ، ئاندىن ھەرقايسى شتاتلاردىن سايلانغان ۋەكىللەر ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق زوڭتۇڭ ۋە مۇئاۋىن زوڭتۇڭلارنى سايلاپ چىقىدۇ. سايلامدا ئومۇمىي ئاۋازنىڭ يېرىمىدىن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزات زوڭتۇڭ بولىدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر شتاتتا مەلۇم بىر پارتىيىدىن بولغان نامزات يېرىمىدىن كۆپ سايلىغۇچىنىڭ ئاۋاز بېلىتىگە ئېرىشسە، ھېچبولمىسا قارشى تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئېشىپ كەتسىلا، بۇ شتاتتىكى بارلىق ئاۋاز شۇ پارتىيە ئېرىشكەن ئاۋاز بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئالاھىدە بەلگىلىمە بار. شۇنداق تورۇپ، بىرەر زوڭتۇڭ نامزاتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئېرىشكەن ئاۋاز سانى قارشى تەرەپنىڭكىدىن قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېرىشكەن ۋەكىللەر ئاۋازى ئاز بولسا يەنە سايلىنالمايدۇ. مەسىلەن، 1888 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زوڭتۇڭ نامزاتى كىرىفلان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ رىقابەتچىسى خاررىسقا قارىغاندا 90 مىڭ سايلىغۇچىلار ئاۋازىغا ئارتۇق ئېرىشكەن بولسىمۇ، خاررىس ئېرىشكەن ۋەكىللەر ئاۋاز سانى ئۇنىڭكىدىن بىرى ئارتۇق چىقىپ قېلىپ خاررىس زوڭتۇڭ بولغانىكەن.

ئامېرىكىدا سايلام بولىدىغان يىلى 9 ـ 10 ـ ئاي سايلام رىقابىتى باسقۇچى بولۇپ، ئىككى پارتىيە بۇ ئىككى ئايدا تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ زوڭتۇڭ نامزاتىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ سۇنئىي ھەرىكەت ئېلان سەنئىت-

نىڭ ئورنىنى بېسىپ، كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. زوڭتۇڭلۇقنى تالاشقۇچى ئىككى نامزاتمۇ تەرەپ تەرەپكە قاتراپ ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن شەكىلدە ئاتالمىش سايلام رىقابىتى پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. 11 - ئاينىڭ تۇنجى سەيشەنبە كۈنى «ۋەكىل» سايلاش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئالدىنقى ئىككى ئايلىق ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. بۇ زوڭتۇڭ سايلىمىنىڭ جان ھالقىسى بولۇپ، 12 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان زوڭتۇڭ سايلاش باسقۇچى كەلمەي تۇرۇپلا «ۋەكىل» سايلاش نەتىجىسىدىن كىمنىڭ زوڭتۇڭ بولىدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇش ئەۋجىگە چىقىپ، پارتلاش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. نامايىشچىلار تۇتقۇن قىلىنىپ قاملىدۇ.

سايلىغۇچىلار ئاۋاز بېرىپ سايلايدىغان، ئاخىردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان «ۋەكىل»لەرنىڭ سانى بولسا ھەرقايسى شتاتلارنىڭ پارلامېنتىدىكى ئەزا سانىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بۇ مۇھىم سان ھەر بىر شتاتنىڭ ئاھالە سانى بىلەن نىسبەتلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە ھەرقايسى شتاتلاردىكى تەبىئىي ئامىل بولغان ئاھالىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى شۇ شتات خەلقىنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى ئورنىغا چەك قويىدىغان، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكىنى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي توساققا ئايلىنىپ قالغان.

تارىختىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ زوڭتۇڭ سايلىمىنى ئىككى چوڭ پارتىيە چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىقىدەك سايلام تۈزۈملىرى بىلەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئامېرىكا خەلقلىرى بۇ خىل سايلامغا بارغانسېرى قىزىقماس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇندىن 20 يىل بۇرۇنقى يەنى 1980 - يىلىدىكى زوڭتۇڭ سايلىمىنىڭ ئەھۋالىنى مىسالغا ئالساق، شۇ چاغدىمۇ 50 % تىن ئارتۇق سايلىغۇچى ئامما ئۆز ئاۋازىنىڭ جىگغا ئولتۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاۋاز بېرىشكە قاتناشمىغان.

شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى زوڭتۇڭ سايلىمىدىكى بېلەت ھېسابلاش ماجىراسىنىڭ سوت ئۈستىدە بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىغا قاراپلا «ئامېرىكىنىڭ زوڭتۇڭ سايلاش تۈزۈمى بەك ئادىلكەن» دەپ ماختاپ كېتىشكە بولمايدۇ. دۆلىتىمىز سايلام تۈزۈمىگە سېلىشتۇرساق تېخىمۇ كۆپ ئادىلسىزلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىز خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەگەر ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىدە بىر خەلقئارا دەرىجىدىن تاشقىرى سوت مەھكىمىسى بولغان بولسا، ئىككىنچى سوتتا بېلەت ھېسابلاش ماجىراسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال ئىدى.

**(ئاپتور يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)**

---

**پايدىلانغان ماتېرىيال:**

بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى تۈزگەن، خانقىز روزى تەرجىمە قىلغان «خەلقئارا ساۋات» دېگەن كىتابنىڭ 125 - بېتى. (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، يېقىنقى خەلقئارا خەۋەرلەر)

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

## ماۋزۇسىز

ئىنىسى: «ئاكا، نېمە ساناۋاتىسەن؟»
ئاكىسى: «ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ساناۋاتىمەن»
ئىنىسى: «بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە سانىغىنە».

# ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان گلوبۇس

سادىق نىياز

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىشخانا، تەجرىبىخانىلىرىدا، ئائىلىلەردىكى ئۈستەللەردە قويۇلغان، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم كۆرسەتمىلىك قورال بولغان چوڭ ـ كىچىك گلوبۇسلار يەر شارىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر شارىدىكى يەتتە قىتئە، تۆت ئوكياننىڭ شەكلى ۋە قىياپىتى، يەر شارىنىڭ شەكلى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. گلوبۇس كىچىكلىتىلگەن يەر شارى بولۇپ، كىشىلەرنى يەر شارى توغرىسىدىكى ئۇقۇم، چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنداق ئىخچام، ئىلمىي ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان گلوبۇسنى قايسى مىللەتتىن، كىم ئىجاد قىلغان؟

گلوبۇسنى مەملىكىتىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى جامالىدىن ئىجاد قىلغان. جامالىدىن غەربىي يۇرت يەنى ھازىرقى شىنجاڭدىن بولۇپ، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شەرققە قايتقاندا، جامالىدىن موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئىچكىرىگە بېرىپ چاڭئەنگە ئورۇنلىشىپ، خەنزۇ ئالىم ـ ئۆلىمالىرىدىن تەلىم ئېلىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەينى زاماندىكى يۇقىرى بىلىملىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ئاسترونومىيە ئىلمىگە ئائىت بىلىملەرنى، تارىخ، كالېندارچىلىق توغرىسىدىكى ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەپ، ئىلىم ۋە بىلىمدە كامالەتكە يېتىپ ھەر جەھەتتىن ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ نامى ئوردىغا يېتىپ مىرزا مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، خەت ـ چەك، ھۆججەت، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ساقلاش ۋە كۆچۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان.

قۇبلەيخان تەختكە چىقىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملىغاندا، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىدىغان ۋە كالېندار تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان رەسەتخانا تەسىس قىلىپ، جامالىدىننى رەسەتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن شۇنداقلا كالېندار، ئاسترونومىيە ئىلمىگە پىششىق ئالىم ـ ئۆلىمالارنى رەسەتخانىغا يۆتكەپ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

جامالىدىن تارىخ، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە ئىلمىگە پىششىق بولۇپ، ئاسمان ھادىسىلىرىنى ۋە تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا، توغرا، ئېنىق كۆزىتىپ، ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مەۋسۇملارنى توغرا ئايرىغاچقا، خان ئوردىسى ۋە رەسەتخانا ئىچىدە چوڭقۇر ھۆرمەتكە، ئالىي ئىشەنچكە سازاۋەر بولغان.

قۇبلەيخان ئاسترونومىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە

60

دېھقانچىلىقتىكى رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن، رەسەتخانىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىپ قۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرگەن. كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنى كۆپەيتكەن. رەسەتخانا خىراجىتىنى بىلمۇ يىل ئاشۇرغان ۋە رەسەتخانا ھەم جامالىددىننىڭ دەرىجىسىنى قاتلاممۇ قاتلام ئۆستۈرگەن.

جامالىدىن قۇبلەيخاننىڭ قوللىشى ۋە پائال شارائىت يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئۆزى يالغۇز ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئەسۋابى، ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك كۈن ـ تۈن تەڭلىشىشىنى بەلگىلەش ئەسۋابى، ئاسمان جىسىملىرىنى مېخانىك كۆزىتىش ئەسۋابى، سوتكا سائىتى، يازلىق ۋە قىشلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىشىشىنى بەلگىلەش ئەسۋابى ۋە گلوبۇستىن ئىبارەت ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلىدىغان يەتتە خىل ئەسۋابنى ئىجاد قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى ۋە دۇنيا ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ دۇنيا ئاسترونومىيە تارىخىدىكى بىر مۆجىزە.

جامالىدىن ئىجاد قىلغان ئاسترونومىيە ئىلمىگە ئائىت ئەسۋابلار مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى ئاسترونوملىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خانلىق رەسەتخانىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك رەسەتخانىدا بىر قىسىملىرى مۇكەممەل ساقلانماقتا.

جامالىدىن ئىجاد قىلغان گلوبۇس شار شەكىللىك بولۇپ، ئۇ ياغاچتىن ياسالغان. ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلەر بەلگىلەر بىلەن دەريا، كۆل، دېڭىز، ئوكيان، قۇرۇقلۇق، تاغلىق، تۈزلەڭلىك كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ گلوبۇستا يەر شارىنىڭ 10 دىن يەتتىسى سۇ بولۇپ، يېشىل رەڭدە ئىپادىلەنگەن. ئۈچ ئۈلۈشى قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئاق رەڭدە ئىپادىلەنگەن. گلوبۇسنىڭ يۈزىگە ھەجمى ۋە شەكلى ئوخشاش بولغان قويۇق كاتەكچىلەر سىزىلغان بولۇپ، ھازىرقى مېردىئان ۋە پاراللېل سىزىقلىرىنىڭ رولىنى ئوينىغان. بۇ كاتەكچىلەردىن پايدىلىنىپ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ دائىرىسى، يەر شارىدىكى ئورنى ۋە جايلارنىڭ ئارىلىقىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. جامالىدىن ياسىغان گلوبۇس بىلەن بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان گلوبۇس ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت مېردىئان ۋە پاراللېل سىزىقنىڭ ئورنىغا كاتەكچىلەر ئىشلىتىلگەن.

ئېلىمىزدىكى ئالىملار ۋە كىشىلەر قەدىمكى دەۋرلەردە ئىزچىل تۈزدە ئاسمان يۇمىلاق، يەر چاسا دەپ تونۇپ كەلگەن. خەن ۋە تاڭ سۇلالىرى دەۋرلىرىدە ئېلىمىزنىڭ ھەربىي قوماندانلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغىچە، شەرقتە ياپونىيە، چاۋشيەنگىچە، جەنۇبتا ھىندونېزىيىگىچە، شىمالدا بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغىچە يېتىپ بېرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغاندى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى دېگەن نامنى ئالغان چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەربىي يۈرۈش قوزغاپ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە، ھەتتا ئافرىقىدىكى مىسىرغىچە يېتىپ بارغان. موڭغۇللار جامالىددىننىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى مەلۇمات، مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تېخىمۇ غەربتە شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ بارلىقىنى، ئەڭ جەنۇبتا ئاۋستىرالىيە ۋە ئانتاركتىدانىڭ بارلىقىنى بىلگەن. جامالىددىننىڭ تۆرتىكىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى ئاسترونومىيە ئالىملىرى ياۋروپالىقلاردىن 300 يىل بۇرۇن يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ 7 ئۈلۈشىنىڭ سۇ، 3 ئۈلۈشىنىڭ قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەن. كىچىك كاتەكچىلەر بىلەن جايلارنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئارىلىقىنى ھەمدە يەر شارىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى ھېسابلاپ چىققان.

جامالىدىن ئىجاد قىلغان گلوبۇس ئىسپانىيىلىك دېڭىز ساياھەتچىسى ماگېللاننىڭ يېڭى دېڭىز يولى ئارقىلىق ئامېرىكا «يېڭى» چوڭ قۇرۇقلۇقنى «تاپقان»

ۋاقتىدىن تەخمىنەن 250 نەچچە يىل بۇرۇن بولۇپ، ما-
گېلاننىڭ يەر شارىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چە-
قىپ يەر شارى «يۇمىلاق» دەپ ھۆكۈم چىقارغان ۋاقتى-
دىنمۇ 250 نەچچە يىل بۇرۇن بولغان. جامالىدىن گلو-
بۇسنى تەخمىنەن مىلادى 1270 ــ 1280 ــ يىللار ئەتراپىدا
ئىجاد قىلغان بولۇپ، ياۋروپالىقلار گلوبۇسنى ئىجاد
قىلغان ۋاقىتتىن 300 نەچچە يىل بۇرۇن جامالىدىننىڭ
گلوبۇس ئارقىلىق يەر شارى توغرىسىدىكى تەلىماتى
گېرمانىيىلىك مارتىن بىخاننىڭ خاتىرىسىدىن تەخ-
مىنەن 225 يىل بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن.

جامالىدىن جۇڭگونىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆ-
زىتىش ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان ۋە سان ــ سۈپەت جە-
ھەتتە توغرا، ئىلمىي بولۇشقا ئاساس سالغان دۇنيا ۋە
ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ جۇغراپىيە ئالىمىدۇر.

---

ئىسپات ماتېرىياللار:

①«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى 1991 ــ يىل 9 ــ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى 166 ــ بەت

②«ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»نىڭ مۇناسىۋەت-لىك سانلىرى

(ئاپتور قاراقاش ناھىيە يېڭىيەر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

---



## ياخشىلىق ھەققىدە

△ ياخشىلىقنىڭ چوڭى يوق، يامانلىقنىڭ كىچىكى.

△ ياخشىلىق يەردە قالماس.

△ ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۈندىن ــ كۈنگە تىنچ بولۇر.

△ يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى كۈندىن ــ كۈنگە ئەنسىز بولۇر.

△ مۇلايىم بولۇش، كەمتەر بولۇش، قائىدە ــ يوسۇنلۇق بولۇش ــ ياخشىلىقى زىيادە بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر.

△ كىشىنىڭ ئىززىتى ئۇنىڭ كىشىلەردىن تەمە قىلماسلىقى، ئۆزىنى پاك ساقلىشىدا.

△ ئەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىلىپ تۇر، ياخ-شىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

△ كىشىدىن جاھاندا بىر ياخشى نام، بىر ياخشى نىشان قېلىشى لازىمدۇر.

△ ھەممە كىشىگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، ساڭمۇ ياخشىلىق كېلىدۇ، شۈبھىلەنمە!

△ ياخشىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ھە-قىقىي ھالدا ياخشىلىق يولىنى تۇتىدۇ. يەنە بىرى، ئا-نىدىن تۇغۇلۇپلا ياخشى بولىدۇ، ئۇلۇغۋار ۋە دۇرۇس ھا-يات كەچۈرىدۇ. يەنە بىرى باشقىلارنى دوراپ ياخشى بولغانلاردۇر.

△ نامىڭنىڭ دۇنياغا تارىلىشىنى خالىساڭ، مۇساپىرلارغا ياخشى قارا، نامىڭ تېز تارقىلىدۇ.

ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

## ئەل ئوغلىمەن

يۇسۇپجان بارات (جەۋھىرى)

بۇ ئانا تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن،
ۋەتەنگە چىن سادىق ئەلنىڭ ئوغلىمەن.
ئۆركەشلەر قەلبىمدە ئەجداد سۆيگۈسى،
خەلقىمگە مەڭگۈگە تالىق بولىمەن.

ئەجدادلار ئىزىغا بولۇپ مەن ۋارىس،
ئۆزگىلەر ئالدىدا ئىگىلمەس قەددىم.
ئەل ۋەتەن ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ،
ئۆمۈرلۈك تەر تۆكۈش قارارىم ئەھدىم.

ياشايمەن تاغدىكى قارىغاي مىسالى،
شوم بوران كار قىلماس بەستىمگە مېنىڭ.
يامغۇردەك ياغىمەن ئوق بولۇپ گويا،
قول سوزسا ئۆزگىلەر خەلقىمگە مېنىڭ.

ئەل ۋەتەن شانىنى قوغدايمەن ئەبەد،
ئوقيادەك سانچىلىپ رەقىب كۆكسىگە.
ياشايمەن ئەجدادلار ئىزىنى بېسىپ،
ئەجرىمدىن رەڭ بېرىپ ۋەتەن ھۆسنىگە.

مەن ۋەتەن پەرزەنتى ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
ۋەتەنگە چىن سادىق بولۇپ ياشايمەن.
سەپەردە ھەر تۈرلۈك توسقۇننى يېڭىپ،
ئىقبالغا مەردانە قەدەم تاشلايمەن.

## سۆيگۈ

قۇربان ئابدۇرېھىم

سۆيگۈ ئۇلۇغ مۇقەددەس بولغاچ،
ئۇنىڭ بىلەن ياشنايدۇ ئادەم.
سۆيگۈ قۇۋۋەت ھەمنەپەس بولغاچ،
ئۇنىڭ بىلەن ياشنايدۇ ئالەم.

سۆيگۈ ئۈمىد نىدا بولغاچقا،
ئۇنىڭ بىلەن جانلىنار ئادەم.
سۆيگۈ قۇياش زىيا بولغاچقا،
ئۇنىڭ بىلەن نۇرلىنار ئالەم.

شۇڭا سۆيگۈ بۈيۈك تۇتىيا،
تەڭلەشەلمەس ئاڭا ھېچنەرسە.
ئادەم قەلبى يەنە بىر دۇنيا،
ئۇ گۈزەلدۇر سۆيگۈ كۈلدۈرسە.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# قانۇن ـ نىزاملاردا قىپلىشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار

شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئىشلەش، ئېلىپ سېتىش، تارقىتىش جىنايىتى 制体贩卖,传播淫秽物品罪

زەھەرلىك بۇيۇم ياساش 制造毒品

ھامىلدارلىقنى توختىتىش ئوپېراتسىيىسى
终止妊娠手术

رويخەتكە ئالدۇرغان ماركىسى 注册商标

خەۋپ ـ خەتەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇش
转嫁风险

مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەش 转移财产权

مېمورىئال راسچوت 转帐结算

مېمورىئال پۇل چېكى 转帐支票

جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش 追究刑事责任

كەينىگە كىرىۋېلىش، ئالدىنى توساش ۋە باشقىلارنى تىللاش
追 逐 拦 堆 截 辱 骂 他 人

سۈرۈشتۈرۈش 追诉

ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلاپ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش
自动放下武器报降敌人

مۈلۈك باھالاش، مەبلەغ تەكشۈرۈش، ئىسپات تەكشۈرۈش
资产评估验资,验证

ئۆزى ئېلىپ ئۆزى سېتىش 自买自卖

ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش
自首和 立功

مەبلەغ ئىناۋىتى ئىسپاتى 资信证明

ئەتكەسچىلىك جىنايىتى 走私犯罪

زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش ۋە ياساش جىنايىتى
走私,贩卖,运输,制造毒品罪

ئەتكەسچىلىك جىنايىتى 走私罪

ئىپپەت نومۇسىنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەجبۇرلاش، سولاپ بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش جىنايىتى
组织强迫,引诱,容留,介绍卖淫罪

جىنايەتچى ، جاۋابكار ، جىنايەت گۇماندارى
罪犯,被告人,犯罪嫌疑人

جىنايىتى ئېغىر 罪行重大

ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلىش 作战消极

ئەگەشمە ئاپەت 次生灾害

يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكى بويىچە باھالاش
地震安全性评价

يەر تەۋرەشنىڭ قىسقا مۇددەتلىك مەلۇماتى
地震短期预报

يەر تەۋرەش دىنامىكىلىق پارامېترى بويىچە رايونغا ئايرىش خەرىتىسى 地震动参数区划图

يەر تەۋرەش تەسىر دەرىجىسى بويىچە رايونغا ئايرىش خەرىتىسى 地震烈度区划图

يەر تەۋرەش نۇقتىلىق كۆزىتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىدىغان جاي 地震重点监视防御区

地震应急 يەر تەۋرىگەندە جىددىي تەدبىر كۆرۈش

يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش ، ئاپەتنى ئازايتىش
防震减灾

يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش
抗震设防

يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش
抗震救灾

يەر تەۋرەشكە چىداملىقلىقىنى لايىھەلەش ئۆلچىمى
抗震设计规范

临震预报 يەر تەۋرەش ئالدىدىكى مەلۇمات

بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك يەر تەۋرىگەندە جىددىي تەدبىر كۆرۈش لايىھىسى 破坏性地震应急预案

يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى قوغلىشىپ مۇھاكىمە قىلىش تۈزۈمى 震情跟踪会商制度

پۇقرالار ئاۋىئاتسىيىسى 民用航空

(مۇخپىر ئابلىمىت تەييارلىغان)

# ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ بۆشۈكى

**- بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە مەكتىپى**

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە مەكتىپى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىدە. 26 يىلدىن بۇيان، بۇ مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سېستىرالىق، فېلدشېرلىق، جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرلۇقى، ئاكۇشېرلىق، پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇش، جامائەت سەھىيە كەسپى، رېنتگېن فېلدشېرلىقى، ئانا - بالىلار فېلدشېرلىقى، دورىگەرلىك قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلىپ، بايىنغولىن ئوبلاستى ئۈچۈن ھەر مىللەت داۋالاش، سەھىيە خادىملىرىدىن 3414 نى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ سەھىيە سېپىگە تايانچلارنى تەربىيىلەپ بېرىدىغان بۆشۈككە ئايلاندى.



مەكتەپ مۇدىرى: لى ۋېيشاڭ




بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە مەكتە

## ئۆزلۈكسىز زورىيىۋاتقان توققۇزتارا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتى



توققۇزتارا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىركىتى ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئۈچ يىلدا زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى:

① بازارنى يېتەكچى قىلىپ، باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى؛ ② مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، كەسپتە يېڭى ئىستىل تىكلىدى؛ ③ پەن - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئاشۇردى.



شىركەتنىڭ خىزمەت بىناسى

## ئىرىشىپ ئەلا نەتىجە يارىتىۋاتقان قەشقەر شەھەرلىك خە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، بىرىنچى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ ئەنلىن




باش دىرېكتور: جاۋ ئەنلىن

1997 - يىلى جاۋ ئەنلىن قەشقەر شەھەرلىك 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا بۇ شىركەتنى قولىغا ئېلىپ، كارخانىنى يېڭىباشتىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ھازىر شىركەت دۆلەت ئىلكىدىكى 2 - دەرىجىلىك كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى بازارلارغا كېڭىيىشكە يۈزلىنىپ ...

# سوت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇۋاتقان شىخۇ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى




ئىجرا خىزمىتىدىن مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسى




«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى غەلىبىلىك ئاياقلاشتى

بىز تۆۋەندىكى ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىش باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيمىز:

① چوڭ ۋەزىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، شىخۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز؛ ② پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن قانۇن - نىزاملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىمىز؛ ③ يەرلىك قورۇقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ياخشى قانۇن ئىجرا مۇھىتى هازىرلايمىز؛ ④ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى زور كۈچ بىلەن قوغدايمىز؛ ⑤ ھەق تەلەپ، ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن بويىچە تەڭشەيمىز؛ ⑥ ئىجرا خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كارخانا، شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.




ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ يىللىق خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پىكرىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مۇنداق:

① ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپە ۋە نىشاننى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ ② يىللىق ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش؛ ③ ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇن ئىجراسى سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، مالىيە - ئىقتىساد قانۇن - تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە مەسئۇل كىشىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛ ④ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن خىزمەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنى ۋاقتىدا بېجىرىش؛ ⑤ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى باسقۇچتىكى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزەش خىزمىتى پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش.




ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ مائارىپقا پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1166/D باھاسى: 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433